# بوسنىيە ھەرسەك پاجىئەسىدىن ئىبرەتلەر

مۇھەممەد قۇتۇپ

# كىرىش سۆز

بوسنىيە ھەرسەك پاجىئەسى تارىختا مۇسۇلمانلار يولۇققان تۇنجى پاجىئە بولمىسىمۇ ۋە شۇنىڭدەك يەنە تارىختا ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تۇنجى قىرغىنچىلىق بولمىسىمۇ لېكىن ئۇ مۇسۇلمانلار تارىخىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك پاجىئە بولدى،تارىختا مۇسۇلمانلار مۇڭغۇللارنىڭ قىرغىنچىلىقى،سالاھىددىن دەۋرىدە بەيتۇل مۇقەددەستىكى مۇسۇلمانلارغائەھلى سەلىپنىڭ قىرغىنچىلىقى،غەرانىتلار خاراپ بولغان ۋاقىتىدىكى ئىسپانىيە قىرغىنچىلىقى،پاكىستان ھىندىستاندىن ئايرىلغاندىكى ھىندىلارنىڭ قىرغىنچىلىقى،ھىندىستان ۋە كەشمىردە ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقان قىرغىنچىلىقلار،مۇسۇلمانلار شەھەرلىرى ئاھالىسىنىڭ تىرىك پېتى كۆيدۈرىۋېتىلىشى،لىۋاندا يەھۇدىلارنىڭ قولى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سەبرا ۋە شاتىلا قىرغىنچىلىقلىرى،ۋە تارىختىكى شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە نۇرغۇن قىرغىنچىلىقلارغا يولۇققان،

شۇنداق،بوسنىيە ھەرسەك قىرغىنچىلىقى تارىختا مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تۇنجى قىرغىنچىلىق بولمىسىمۇ ۋە تۇنجى پاجىئە بولمىسىمۇ لېكىن ئۇ بەلكىم ئەڭ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق بولىشى مومكىن،ئۇنىڭ بۇ دەرىجىدە دەھشەتلىك ۋە ئېغىر قىرغىنچىلىق بولۇشى ئۇنىڭدا يۈزبەرگەن ئادەمنى چۆچىتىدىغان پاجىئەلەر بىلەنلا ئەمەس،بەلكى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئۇنىڭغا قارىتا تۇتقان مەيدانى ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەيدانى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك،

ئەھلى سەلىپلەر ۋە يەھۇدى قىساسچىلىرى مۇسۇلمانلارغا ھىچقاچان

بۈگۈنكىدەك قاتتىق دۈشمەنلىك قىلغان ئەمەس،ۋە ئىسلام دۇنياسىنى ھەر تەرەپتىن بۈگۈنكىدەك قورشاۋغا ئىلىۋالغان ئەمەس،يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام دۇنياسىمۇ ئۆزى ۋە ئۆزگىلەرگە نىسبەتەن بۈگۈنكىدەك ئاجىز،خار ۋە مەھكۇم ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان،

گەرچە ئەھۋال موشۇنداق بولسىمۇ لىكىن بۇ پاجىئەنى ئىبرەتسىز ئۆتكۈزىۋىتىشكە بولمايدۇ،چۈنكى تارىخ دائىم مەيلى ئۇنىڭ بۈيۈك،يۈكسەك ۋاقىتلىرى بولسۇن ياكى تۆۋەن،چۈشكۈن ۋاقىتلىرى بولسۇن بەرىبىر نۇرغۇن ئىبرەت ۋە ساۋاقلار بىلەن تولغان،

مەن بۇ جىددىيچىلىكتە ئاشۇ ئىبرەتلەرنىڭ بەزىسى توغۇرلۇق سۆزلىدىم،ئۇنى بۇ پاجىئەدىن خۇلاسىلەپ چىقىش مۇمكىن بولغان نەرسىنىڭ ھەممىسى دىگىلى بولمىسىمۇ لىكىن ئۇ مەن كۆندىلىك گىزىت ۋە باشقا ئاخپارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئىز بىسىپ كۆرۈپ تۇرغان ۋاقتىمدا ماڭا ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلغان نەرسىلەردىن ئىبارەت بولدى،

<u>مەن سۆزلىگەن ھەربىر دەرس تۆۋەندىكى سۇئاللارنىڭ جاۋابىدىن ئىبارەت:</u>

1،نىمە ئۈچۈن بۇ پاجىئە ئۆزىنىڭ ۋەھشىلىكىدە ھەرقانداق ئىنسانىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ چۈشكىدەك موشۇ دەرىجىگە يىتىپ باردى؟

2،غەرىپ نىمە ئۈچۈن بۇ پاجىئەگە قىلچىلىك ئىنسانى ھىسداشلىق ۋە ياخشىلىق يوق موشۇنداق بوشاڭ،سوغۇق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ؟

3،ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھازىر ياشاۋاتقان موشۇ خارلىقتىن قۇتۇلىشىنىڭ يولى قايسى؟

4،ئىسلام بىلەن غەرىپ ئارىسىدا داۋاملىشىۋاتقان موشۇ ۋەھشى كۆرەشتە

كەلگۈسى كىمگە مەنسۇپ؟ئۇ بۇقىتىمقى كۆرەشتە ئۆزىنى تولۇق ئاشكارىلىغان ياۋايى ياۋروپا ئۈچۈنمۇ ياكى ئىسلام ئۈچۈنمۇ؟

ئىشلار ھەربىر سۇئال توغۇرسىدا كۆڭۈلگە كىچىۋاتقان تۇيغۇلاردىنمۇ كۆپ جىددى،،،،خۇددى ھادىسىلەرنىڭ سۇرىتىگە ئوخشاشلا تىز،

ئى ئاللا سىنىڭ ياردىمىنىڭ بولمىسا قولىمىزدىن ھىچقانداق ئىش كەلمەيدۇ،سەن ئاجىزلارنىڭ ياردەم بەرگۈچىسى،زىمىنىنىڭ ھەربىر جايىدىكى سىنى چاقىرىۋاتقان،ساڭا دۇئا قىلىۋاتقانلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى،زالىملارنىڭ زالىملىقى ۋە ھىلە-مىكىرچىلەرنىڭ ھىلى-مىكىرسىنى سىنى ئاجىزلاشتۇرالمايدۇ،سەن ھەرقانداق نەرسە ئۈچۈن ۋۇجۇدقا كەل دىسەڭ ئۇ نەرسە ۋۇجۇدقا كىلىدىغان زات،

ئى ئاللا بۇ ئۈممەتكە ساڭا قايتىشنى ئىلھام قىلغىن،ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىڭ بىلەن مىننەت قىلغىن،سەن ئاسمان-زىمىنىنىڭ ئىگىسى،سەن ئەڭ رەھىملىك زات،

**مۇھەممەد قۇتۇپ**

ھەرقانداق بىر تىلنىڭ ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ۋە سۈرەتلەپ بېرىدىغان لوغەت ۋە سۆز بايلىقى چەكلىك بولىدۇ،تىل مانا موشۇ سۆزلىكلىرى بىلەن ئاددى،مۇرەككەپ،ئاز،كۆپ،ئىسىل،ناچار،،،نەرسىلەرنى ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ،لېكىن ئۇ يۇقارقىلارنى تىخىمۇ ئىنچىلىك بىلەن ئىپادىلىمەكچى،سۈرەتلەپ بەرمەكچى بولغاندا بۇ تىلنىڭ سۆزلۈكلىرى شۇ نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى ۋە تۈرىنى بەلگىلەشكە يېتىشمەي قالىدۇ،دىمەك سىز بەزى نەرسىلەرنى ئىپادىلەشتە ھامان شۇ تىلدىكى تىل ۋە سۆز چەكلىمىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايسىز،

بۇ يەردە يەنە شەيئىلەرنى ئۆز پېتى،ئەينەن مۇكەممەل چۈشىنىشىمىزگە توسالغۇ بولىدىغان باشقا ئامىللارمۇ بار،

بىر سۆزنى ئاڭلىغان ئادەم ئۇنىڭ مەنىسى،ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ياكى باشقىلار گىرىپتار بولغاندا كۆرگەن خاس تەجرىبىلىرى ۋە كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا چۈشىنىدۇ،بىز ئۇنىڭغا ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ئەڭ ئىنچىكە تىل بىلەن سۈرەتلەپ بەرسەكمۇ ئۇنىڭ چۈشەنچىسى يۇقارقىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ،

بەزى ياشلار مەندىن ھەربى تۈرمىدىكى قىيناشلار توغۇرلۇق تارالغان گەپلەر راسمۇ دەپ سورىغاندا مەن ئاشۇ خىل قىيىنچىلىققا گىرىپتار بولدۇم ۋە ئۇلارغا ياق،ئۇ يەردىكى ئىشلارنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ دىدىم،ئۇلار بۇنىڭدىن ئەجەپلىنىشتى ۋە قانداقسىگە؟دەپ سوراشتى،مەن ئۇلارغا دىدىم قامچىنىڭ ئاچچىق تىللىرى سىلەرنىڭ بەدىنىڭلارغا چۈشۈپ باقمىغان تۇرسا ۋە يەنە كۆز ئالدىڭلاردا

بىرەر ئادەمنىڭ قامچا بىلەن ئۇرۇلىۋاتقان تارتىقان ئازابىنىمۇ كۆرۈپ

باقمىغان تۇرساڭلار،مەن سىلەرگە قامچا بىلەن
ئۇرۇلۇپ ئازابلانغان كىشىلەر توغۇرلۇق سۆزلەپ بەرسەم سىلەر بۇنى تەسەۋۋۇر
قىلالىشىڭلار مومكىن ئەمەس،مەن يەنە
سىلەرگە جاللاتلار ئۇنى سائەتلەپ،سائەتلەپ ئۇرىدۇ،ئۇلارنىڭ بىرسى ئۇرۇپ
بولالماي ھىرىپ قالسا يەنە بىرسى ئالمىشىپ ئۇرۇشنى
داۋاملاشتۇرىدۇ،موبادا ئۇ قاتتىق تاياق دەستىدىن ھۇشىدىن كەتسە ئۇلار ئۇنى
ھۇشىغا كەلتۇرۇش ئۇچۇن سۇ چاچىدۇ،ئاندىن يەنە ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ
يىرىم كىچە ھەتتا تاڭ ئاتقۇچە ئۇرىدۇ،بۇ ئىش ئۇدا موشۇنداق
تەكرارلىنىدۇ دەپ بەرسەم سىلەر بۇنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىلەر ئەلۋەتتە،
قامچىنىڭ ئاچچىق تىلىلىرى سىزنىڭ بەدىنىڭىزگە چۇشۇپ باقمىغان تۇرسا ۋە
يەنە كۆز ئالدىڭىزدا
بىرەر ئادەمنىڭ قامچا بىلەن ئۇرۇلىۋاتقان تارتىقان ئازابىنىمۇ كۆرۇپ
باقمىغان تۇرسىڭىز،مەن سىزگە قامچا بىلەن
ئۇرۇلۇپ ئازابلانغان كىشىلەر توغۇرلۇق سۆزلەپ بەرسەم سىزنىڭ بۇنى تولۇق
تەسەۋۋۇر قىلالىشىڭىز مومكىنمۇ؟
بۇ تىخى تاغۇتلار تۇرمىلەردە ئىشلىتىدىغان ئازاپلاش ئۇسۇللىرىنىڭ پەقەتلا
بىر تۇرى،ئاڭلىغۇچىلار ياكى ئوقۇرمەنلەردە شۇ ئازاپنى ئۇز بىشىدىن
ئۆتكۇزۇشتىن ياكى ئازاپلىنىۋاتقان كىشىلەرنى ئۇز كۆزى بىلەن كۆرۇشتىن
كەلگەن تەجرىبە بولمىسا ئىيتىپ بەرگەن بىلەنمۇ ئۇلارنىڭ ئۇنى ھەقىقى
ماھىيتى بىلەن چۇشىنەلىشى مومكىن ئەمەس،

**شۇنداق!تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ،،**

سىز بۇ ۋەھشىيلىك!بۇ جىنايەت!بۇ قانخورلۇق!دەيسىز،ۋە يەنە بۇنى

تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ!دەيسىز،

لىكىن بۇ سۆزلەر ھەقىقى ئەھۋالنى قانچىلىك ئىپادىلەپ بىرەلەيدۇ؟!

سىز تۆۋەندىكى گېرمانىيە خىرىستىيان دىمۇكىراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى يەنە پارلامىنىت ئەزاسى شىپارتىزنىڭ«ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم»دىگەن تىمىدا بوسنىيەدە سىرپلار ئىلىپ بارغان بەزى قىرغىنچىلىقلارنى سۈرەتلەپ يازغانلىرىنى كۆرۈپ بىقىڭ؛

1،مەن تىخى ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن ئىككى قۇلىقى كىسىۋىتىلگەن ۋە بۇنى ئويىۋىتىلگەن بىر بالىنى كۆردۈم،

2،مەن قورساقلىرى يىرىلىپ بالىلىرى تارتىپ چىقىرىلغان ۋە پاچىلىۋىتىلگەن ھامىلدار ئاياللارنى كۆردۈم

3،مەن يەنە نۇمۇسى دەپسەندە قىلىنغان نۇرغۇن ئاياللارنى كۆردۈم،ئۇلارنىڭ بەزىسى ھامىلدار بولۇپ،تۇغىشىغا پەقەت بىر قانچە ھەپتىلا قالغان ئىدى،

4،مەن يەنە سىرپلارنىڭ ئوقى تەككەندىن كىيىن ئۆلۈكى

قاتتىق سوغۇقتا قىلىپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆردۈم،

5،مەن شەرىق ياكى غەرپتە ھىچقانداق تىلىۋىزۇر ئىكرانىدا كۆرۈپ باقمىغان كۆرۈنۈشلەرنى كۆردۈم،مەن ئۇلارنىڭ ئۇ كۆرۈنۈشلەرنى تارقىتىشقا جۈرئەت ۋە شىجائىتى يوق دەپ قارايمەن،

6،مەن كۆرگەن شۇ كۆرۈنۈشلەرنى مەڭگۇ ئۇنتۇيالمايمەن،

پۈتۈن گىزىتلەر بىرلا ۋاقىتتا تارقاتقان تۆۋەندىكى كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ بىقىڭ؛بىر ئىمىۋاتقان بالىنى ياۋۇز سىرپلار تارتىپ ئالدى ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدىلا ئۇنى كاۋاپ قىلىپ پۇشۇرۇش ئۇچۇن ئوت ئۇستىگە قويدى،ئۇ پىشىۋىدى،ئۇلار ئۇنى كىسىپ پارچە-پاچە قىلدى ۋە مىلتىق

بىلەن تەھدىت سېلىپ داداسىنى ئۆز بالىسىنىڭ ـ ـيۈرەك پارىسىنىڭ ـ ـ گۆشىنى يېيىشكە مەجبۇرلىدى،ئاندىن ئۇلار ئۇنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرىۋەتتى،

سىزگە يەنە سانى ئون مىڭ ۋە ھەتتا يۈزمىڭلارچىغا يەتكەن ئۆلتۈرۈلگەنلەر،يارلاندۇرۇلغانلار،جەسىتى پارچىلىۋېتىلگەنلەر ۋە ياۋۇزلار تەرىپىدىن باسقۇنچىلىققا ئۇچراپ نومۇسى دەپسەندە قىلىنغان ئاياللار توغۇرلۇق سۆزلەپ بىرىلسە ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلىكى ۋە ئىنسان قىلىپىدىن چىققان ياۋۇزلۇقىنىڭ قايسى دەرىجىگە يېتىپ بارغانلىقىنى ئازراق بولسىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالارسىزمۇ؟!

**نىمە ئۈچۈن موشۇنداق ئىش يۈز بەردى؟**

بىز بۇيەردە ئەھلى سەلىپنىڭ ئۆچمەنلىكى ۋە ۋەھشىلىكى توغۇرلۇق توختالمايمىز،بىز موشۇ ۋەقە توغۇرلۇق توختالغان ئىككىنچى دەرىستە بۇ ھەقتە مەخسۇس سۆزلىگەن،بۇ جايدا پەقەت بۇ پاجىئەنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولغان ئىسلام ئۇممىتى توغۇرلۇق توختىلىمىز،

**نىمە ئۈچۈن موشۇنداق ئىش يۈز بەردى؟**

ئاللا بۇ ئۇممەتنى ھەر تەرەپتىن ئوغرى قاراقچىلار،قان ئىچەر جاللاتلار ۋە يول توسار بۇلاڭچىلارنىڭ ئۇرۇپ سوقىشى ۋە ئۇلارنىڭ غىڭ قىلىپ قىمىرلاپمۇ قويماسلىقى ئۈچۈن موشۇنداق خار،ئاجىز ئۇممەت بولۇشقا چىقارغانمىدى؟بىزنىڭ بۇ يەردە دىمەكچى بولغىنىمىز ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ئۇلار ئۇنتىمىغىدەك ئەدەپلەپ قويۇش ئەمەس بەلكى تاجاۋۇزچىلىقىنى توسۇش،قانلار،يۈز ـ ئابروي ۋە ماللارنىڭ ھازىر يۈز بىرىۋاتقاندەك موشۇنداق ئا ـ نومۇسلۇق رەۋىشتە دەپسەندە بولۇشىنى قوغداش

ئىدىغۇ؟!

ئاللا بۇ ئۈممەتنى ھەركۈنى ھىلى ئۇ تەرەپتىن،ھىلى بۇ تەرەپتىن مۇش،تىپىك يىسۇن،بوسنىيە ھەرسەك قىرغىنچىلىقى،كەشمىر قىرغىنچىلىقى،سىرلانكا قىرغىنچىلىقى،تاجىكىستان قىرغىنچىلىقى،بىرما قىرغىنچىلىقى،بەربەرى مەسجىدىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى،تۆت يۈزمىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمانىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنى پەلەستىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلىشىدەك ۋەقەلەرگە يولۇقسۇن،ئۇلارغا ھەركۈنى ھەرخىل ئىشلار يۈزبەرسۇن ۋە ئۇلار ھەرخىل شىددەتلىك بوران چاپقۇنلارغا يولۇقسۇنۇ لىكىن كەڭ ئىسلام ئۈممىتى قىمىرلاپمۇ قويمىسۇن ئۇچۇن چىقارغانمىدى؟!

**ئىسلام ئۈممىتى موشۇ شۇمۇ؟!**

مانا بۇ ئاللا ئۇلار توغۇرسىدا:‹‹**(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!)سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۇچۇن ئوتتۇرغا چىقىرىلغان،ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان،ئاللاغا ئىمان ئىيتقان ئەڭ ياخشى ئۈممەت سىلەر››(ئال ئىمران110 ـ ئايەت)**دىگەن ئىسلام ئۈممىتى شۇمۇ؟

مانا بۇ ئاللا ئۇلار توغۇرسىدا:‹‹**شۇنىڭدەك(يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك)كىشىلەرگە(يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە)شاھىت بولۇشۇڭلار ئۇچۇن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولىشى ئۇچۇن بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق››(بەقەر 143 ـ ئايەت)**دىگەن ئىسلام ئۈممىتى شۇمۇ؟

مانا بۇ ئاللانىڭ:‹‹**ئاللا ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئىيتقان ۋەياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە،ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زىمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك،ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى،ئۇلار ئۇچۇن تاللىغان**

**دىننى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بىرىشنى،ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىقتا ئايلاندۇرۇپ بىرىشنى ۋەدە قىلدى،ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ،ۋە ماڭا ھىچ نەرسىنى شىرىك كەلتۈرمەيدۇ،شۇ ۋەدىدىن كىيىن كاپىر بولغانلار ئاللانىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر،››(نۇر 55 ـ ئايەت)**دىگەن رەببانى ۋەدىسىگە ئىرىشكەن ئىسلام ئۇممىتى شۇمۇ؟!

ئۇلار بۈگۈن ئەسلىدىن نەقەردەر يىراقلىشىپ كەتكەن ھە!

رىئاللىق غايىدىن نەقەدەر يىراقلىشىپ كەتكەن ھە!

ئاللا بۇ ئۇممەتنى بۈيۈك بىر ۋەزىپىنى ئۇستىگە ئىلىشى ئۈچۈن پۈتۈن مىللەتلەر ئارىسىدىن تاللاپ چىقارغان،

ئاللا ئۇلارنى ئاخىرقى پەيغەمبىرىنى ئۇلاردىن چىقىرىشى ئۈچۈن ۋەئۇلارنىڭ پەيغەمبەردىن كىيىن ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى تاللىغان:**‹‹ئاللا مۆئمىنلەرگە ئاللانىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان،ئۇلارنى(گۇناھلاردىن)پاك قىلىدىغان،ئۇلارغا كىتاپنى ۋە ھىكمەتنى(يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى)ئۈگىتىدىغان،ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ،ئۇلارغا چوڭ ئىھسان قىلدى،ھالبۇكى ئۇلار چوڭ گۇمراھلىقتا ئىدى،››(ئال ئىمران164 ـ ئايەت)**ئاللا بۇ ئۇممەتنى ئىنسانىيەتنىڭ يولىنى يورتىدىغان ۋە ئۇلارنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا چىقىرىدىغان نۇرلۇق چىراق بولۇش ئۈچۈن تاللىغان،

ئاللا بۇ ئۇممەتنى ئىنسانىيەتنى يىتەكلەيدىغان،ئۇلارغا ئۇلۇغ ھەقىقەتلەرنى ئۈگىتىدىغان،ئۇلارغا توغرا ھايات يولىنى كۆرسىتىپ بىرىدىغان،ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دىگەن سۆزنى ئۈگىتىپ شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى

ئىنسان ماھىيىتىنى بۇزىدىغان يالغان ئىلاھلاردىن قۇتقۇزىدىغان،ئۇلارغا ئۇلارنىڭ كاللىسىغا ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز كىلىپ تۇرىدىغان قەيەردىن؟قەيەرگە؟نىمە ئۈچۈن؟قانداق؟قەيەردىن كەلدۇق؟ئۆلگەندىن كىيىن قەيەرگە بارىمىز؟نىمە ئۈچۈن كەلدۇق؟قانداق ياشىشىمىز كىرەك؟دىگەن تەبىئى سۇئاللارغا ـ ـ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇگەتكەندەك—ئاللانىڭ دەرگاھىدىن كەلدۇق،بىزنى موشۇنداق چىرايلىق،بىجىرىم شەكىلدە ياراتقان زات ئاللا،ئۆلگەندىن كىيىن دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن ھىساپ بىرىش ئۈچۈن قايتىمىز،**«ئاسمانلاردىكى ۋە زىمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ مۈلكىدۇر،ئاللا يامانلىق قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ،ياخشىلىق قىلغانلارغا چىرايلىق مۇكاپات بىرىدۇ،»(نەجىم 31 ـ ئايەت)بىز پەقەت ئاللاغا ھىچنەرسىنى شىرىك قىلماستىن ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا كەلدۇق؛«جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن ئۈچۈنلا ياراتتىم»(زارىيات56 ـ ئايەت)**شۇڭلاشقا بىز ئاللانى يالغۇز بىر دەپ ئىتىقاد قىلىشىمىز ۋە ھەرقايىسى تۇردىكى بارلىق ئىبادەتلەرنى پەقەت ئۇنىڭغىلا قىلىشىمىز كىرەك،ئۇنىڭ شەرىئىتىنى دۇنياغا ھاكىم قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئىلاھى پىروگىراممىسى ئاساسىدا زىمىننى گۈللەندۇرۇشىمىز كىرەك،،،دىگەن توغرا جاۋاپلارنى بىرىدىغان قۇماندان،رەھبەر قىلىپ تاللىغان،

ئاللا ئۇلارنى ئىنسانلارنىڭ زىمىندا دۇرۇس ياشىشى ئۈچۈن ۋە ئادىللىقنى بەرپا قىلىشى ئۈچۈن چۈشۈرگەن توغرا يولىنى ئۆزىدە ئەمىلىيلەشتۇرۇپ، باشقىلارغا دىننى مۇكەممەل تەدبىقلاشتا ۋە ئاللانىڭ ئىلاھى نىئمىتىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۇرۇشتە ئەملى ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن تاللىغان؛«**بۇگۈن**

**سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم،سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم،ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم››(مائىدە3 ـ ئايەت)**

ئاللا ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەملى ھەركىتى ئارقىلىق ئىنسانلارغا قانداق تەپەككۇر قىلىش؟قانداق ياشاش؟ئۆزىنىڭ سىياسى،ئىقتىسادى،ئىجتىمائى،تىنىچلىق ۋە ئۇرۇش ئىشلىرىنى قانداق باشقۇرۇش؟ئاللانىڭ رىزقىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن زىمىندا قانداق ھەركەت قىلىش؟ئۆزىنىڭ ھىس ـ تۇيغۇلىرىنى قانداق ئىپادىلەش؟ ۋە تەبىئىتىنى قانداق قۇرۇپ چىقىش؟ بىر بىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش؟قاتالىقلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن تاللىغان،

ئاللا ئۇلارنى يۇقارقى ئىشلارغا تاللاش بىلەن بىرگە ئۇلارغا زىمىندا مەزمۇت پۈت دەسسەپ تۇرۇشقا ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا ئىمكان بىرىدىغان سىرلىق ئاچقۇچنى—ئاللانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى بەرگەن:‹‹مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا مىنىڭدىن كىيىن چىڭ تۇتساڭلار ھەرگىزمۇ ئىزىپ كەتمەيدىغان نەرسىنى—ئاللانىڭ كىتابى ۋە مىنىڭ سۈننىتىمنى قالدۇرۇپ قويدۇم››

ئاللانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى چۈشەندۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭ مەنا ـ مەقسەتلىرىنى ئىچىپ بىرىدىغان سۈننىتى—بۇ ئۇممەتنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى،مەۋجۇتلۇقى ۋە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بارلىق مۇۋەپپىقىيىتىنىڭ سىرى يۇشۇرۇنغان بىردىنبىر مەنبەدۇر،

تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن بۇ نوقتا بەكمۇ ئىنىق ۋە ئوچۇق بولغان

بولۇپ ئۇلار بۇنىڭدا قىلچىلىك شەك ـ شۈبھە قىلىپ باققان ئەمەس ئىدى،

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ كىتاپ چۈشۈشتىن بۇرۇن كىشىلەر تىلغا ئالغۇدەك بىر نەرسە بولۇپ باقمىغانلىقى،دۇنيا ۋە تارىخ تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئۇنتۇلغان مىللەتكە ئايلىنىپ قالغانلىقى بەلكى بىر مىللەت بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن تىخى تىل،زىمىن،ئېتىقاد ۋە ئۆرپە ـ ئادەت بىرلىكىگىمۇ ئىگە بولالمىغان تارقاق ـ تارقاق،چىچىلاڭغۇ قەبىلىلەر ئىكەنلىكى،ئاللا ئۇلارغا كىتاپ چۈشۈرگەندىن كىيىن ۋە شۇ كىتاپقا ئىمان ئېيتقاندىن كىيىن ئاندىن بىر مىللەت بولۇپلا قالماستىن تىخى يەنە ‹‹ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۇممەت››بولۇپ قالغانلىقىنى ناھايتى ياخشى بىلەتتى،

ئۇلار كىتاپنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ماڭدى،زىمىن ئۇلار ئۈچۈن ئېچىلدى،پۈتۈن كائىنات ئۇلار ئۈچۈن ئېچىلدى،

ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېچىلغان ئەڭ مۇھىم نەرسە ئۆزىنىڭ تۈزلەڭلىكلىرى،تاغ ـ دەريالىرى ۋە زىرائەت ـ مېۋىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماددى دۇنيا بولماستىن بەلكى ئىلاھى ھىدايەت ئۈچۈن ئېچىلغان،ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ ئىمان ئېيتىپ ئاللانىڭ ئۆزىنىڭ ئىبادىتىگە قىزىققان مۆئمىن بەندىلىرىنى سايىدىتىدىغان سايىسى ئاستىغا قىتىلغان دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ قەلبى،يۈرىكى بولغان ئىدى،

بۇ ئۇممەت ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلغان ئەڭ كاتتا سوغا موشۇ دىن—تەۋھىدنىڭ دىنى بولغان ۋە بۇ ئۇممەت ئېرىشكەن ئەڭ چوڭ مۇۋەپپىقىيەتمۇ ئىنسانلارنى كۇپىرنىڭ قاراڭغۇلىقىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن بۇ دىننى دۇنياغا تارقىتىش بولغان:‹‹**سىلەرگە ئاللا**

**تەرپىدىن نۇر(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)ۋە رۇشەن كىتاپ(يەنى قۇرئان)كەلدى،ئاللا شۇ كىتاپ(يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى(ئاللانىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا) يىتەكلەيدۇ،ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى(كۇفرى)قاراڭغۇلىقىدىن(ئىماننىڭ)نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ،››(سۇرە مائىدە 15 ـ 16 ـ ئايەتلەر)**

بۇ كىتاپ ئۆزىگە ئىمان ئىيتقان ئۇممەت ئۈچۈن ئىچىپ بەرگەن مۇھىم نەرسە ئۆزىنىڭ تۇزلەڭلىكلىرى،تاغ ـ دەريالىرى ۋە زىرائەت ـ مىۋىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماددى دۇنيا بولماستىن بەلكى ئۇ بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتمۇ بۇرۇن بىشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغان چەكسىز ئۇپۇقلار بولغان، سىياسەت ۋە ھاكىمىيەت ساھەسىدە ئۇلارغا تارىختىكى يىگانە ئۇلگىلىك دەۋىر سانالغان توغرا يولدىكى خەلىپىلەر نامىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان،بۇرۇن بىشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان ئۇپۇقلار ئىچىلدى،

ئىقتىساد ساھەسىدە ئۇممەتتە ئاجىزلار كۈچلۈكلەرنى يۆلەيدىغان،دۆلەت مالىيەسى مۇھتاجلار ۋە پىقىر مىسكىنلەرنى تولۇق كاپالىتى ئاستىغا ئالىدىغان ئادالەت مىخانىزىمى ئورنىتىلغانلىقتىن ئۆز ـ ئارا ئىجتىمائى كاپالەت تولۇق ئىشقا ئاشقان تارىختا ئۇلار بىشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغان ئۇپۇقلار ئىچىلدى،

ئىجتىمائى ئالاقە ساھەسىدە ئۇلارغا ئۇممەتنى ئۆز ـ ئارا بىربىرىگە باغلايدىغان قىرىنداشلىقتىن،جەمىيەتنىڭ ئاساسى بولغان ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىدىن،كىشىلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا بىربىرىنى ھۆرمەتلىشىدىن،ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆزىنى ھەققىنى ئىلىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا

قىلىشىدىن،باشقىلارغا قىلچىلىكمۇ زۇلۇم قىلماسلىقتا تىرىشىشىدىن ۋە ئۆزى ئۇچۇن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قىرىنىدىشىغىمۇ ياخشى كۆرىشىدىن شەكىللەنگەن تارىختا ئۇلا بىشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان ئۇپۇقلار ئېچىلدى، ئىددىيە ۋە پىكىر ساھەسىدە ئۇلارغا ئىلىم-پەن ۋە تەجرىبىچىلىكنىڭ تارىختىكى ھەرقانداق دەۋىردىكىدىن گۈللىنىشىدىن،ئىلمى ساھەدە بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان زور نەتىجىلەر قولغا كىلىشىدىن ۋە زور مىقداردىكى فىقھى ۋە ئىلمى بايلىقلارنىڭ توپلىنىشىدىن شەكىللەنگەن تارىختا ئۇلار بىشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان ئۇپۇقلار ئېچىلدى،

مەدىنىيەت ۋە تەرەققىيات ساھەسىدە ئۇلارغا ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە ھىس-تۇيغۇسى،جىسمى ۋە روھى،ئىبادىتى ۋە خىزمىتى،دۇنياسى ۋە ئاخىرىتىدىن ئىبارەت ھەممە قىسىملىرىدا ئورتاق يۈكسىلىشنى،ئۆز-ئارا ماسلىقنى،تەڭپۇڭلۇقنى بارلىققا كەلتۇرگەن ۋە دىن بىلەن بىلىم،دىن بىلەن پىكىر ۋە دىن بىلەن دۇنيا ئارىسىنى ياكى غەيىپكە ئىشىنىش بىلەن رىئال دۇنياغا ئىشىنىش ئارىسىنى توقۇنۇشتۇرماستىن ئۆز-ماسلاشتۇرغان مەدىنىيەتتىن شەكىللەنگەن تارىختا ئۇلار بىشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغان ئۇپۇقلار ئېچىلدى،

ئاللانىڭ كىتابىغا ئىشىنىشتىن پەيدا بولغان يۇقارقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇممەتتە زىمىندا ھۆكۈمران بولغۇچىلار ئىگە بولۇشقا تىگىشلىك ماددى ۋە مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇقى بىلەن ھازىرلاپ بەرگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارغا ئاللانىڭ ئۇلارنى زىمىندا ھۆكۈمران قىلىش ۋەدىسى ئىشقا ئاشقان ئىدى:‹‹**ئاللا ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئىيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە،ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زىمىندا**

**هۆكۈمران قىلغاندەك،ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى،ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى،ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ،ماڭا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ،شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر،››(سۈرە نۇر55 ـ ئايەت) ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ مۆئمىنلەرگە قىلغان ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشىدۇ؛‹‹ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار-ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر،ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپات(ئۇلارنىڭ)تۇرار جايى بولغان،ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى،ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ،ئاللا ئۇلاردىن رازى بولىدۇ،ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ،بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ،››(بەييىنە7 ـ 8ئايەتلەر)**

ئاللا بۇ ئۇممەتنى زېمىندا نەچچە ئەسىر ھۆكۈمران قىلغاندىن كېيىن ۋە ئۇلارغا تارىختا باشقا ھېچقانداق ئۇممەتكە بەرمىگەن يۇقىرى ئورۇننى بەرگەندىن كېيىن ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا قانداق مۇئامىلە قىلدى؟!

ئۇلار ئاللاھنىڭ‹‹ئى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر››دېگەن خىتابىغا ئۇيغۇنلىشىپ ‹‹ماڭا ئىبادەت قىلىڭلار،ماڭا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار››دېگەن ئايىتىگە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئۇلارغا قىلغان زېمىندا ھۆكۈمران قىلىش ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىشتەك ۋەدىلىرىگە لايىق كىشىلەردىن بولالىدىمۇ؟ياكى توغرا يولدىن

تىيىپ،بىشى قايغان تەرەپكە مىڭىپ،ھورۇنلۇق قىلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ،ئاللانىڭ توغرا يولىنى باتىل،پاكىتسىز يوللارغا ئالماشتۇرۇپ يۈردىمۇ؟

ئۇلارنىڭ ھالى مانا شۇ بولغاندا بۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

**‹‹ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە (يەنى ئاللانىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە)ئاللا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.(يەنى ئاللا ئۇلارغا بەرگەن نېئمەت،خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت-ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)››(رەئىد11-ئايەت)**

**‹‹بۇ(يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاپ)شۇنىڭ ئۈچۈنكى،بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى(كۇپرى ۋە گۇناھ بىلەن)ئۆزگەرتمىگىچە ئاللا ئۇلارغا بەرگەن نېئمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ.››(ئەنفال 53-ئايەت)**

مانا شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدا تەدرىجى ئۆزگىرىش يۈز بىرىۋىدى،شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللانىڭ نېئمەتلىرىدىمۇ تەدرىجى ئۆزگىرىش يۈز بەردى ۋە ئىزچىللىق بىلەن، قەدەممۇ-قەدەم چۈشكۈنلۈك ۋە ئاجىزلىققا قاراپ ماڭدى.

مۆئمىن ئۇممەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولىشىدىكى ئىلاھى قانۇنىيەتنى چوڭقۇر چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ چۈشكۈنلىشىشىنىڭ سەۋەپلىرىنى نادانلىق،قالاقلىق،ھەربى،تېخنىكا،ئىقتىساد،سىياسى ۋە ئىددىيە... جەھەتلەردىكى ئاجىزلىققا قايتۇرىدۇ.

توغرا،يۇقارقىلار ھەقىقەتەن يۈزبەرگەن ئىشلار بولسىمۇ لېكىن ئۇلار ھەرگىزمۇ مۆئمىن ئۇممەتنىڭ ئاجىزلىشىدىكى يىلتىزلىق تۈپ سەۋەپلەر ئەمەس بەلكى

ئاشۇ تۇپ سەۋەپتىن كىلىپ چىققان يۇزە كۆرۈنۈشلەردۇر خالاس،

يىلدىزلىق تۇپ سەۋەپ—ئاللانىڭ يولىدىن تىيىپ كىتىش ۋە گۇللىنىش ۋە كۇچ ـ قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى بولغان‹‹ئاللانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۇننىتى››ئىجرا قىلىشتىكى ئاستا ـ ئاستا پەيدا بوغان بوشاڭلىق،

ئاللا بۇ ئۇممەتنى يەنە يىڭىدىن بىر جاھىلىيەت ئۇممىتى بولۇپ باشقا جاھىلىيەت كارۋانلىرىغا قىتىلىپ ماڭىسۇن دەپ چىقارمىغان،

موبادا ئاللا موشۇنى ئىرادە قىلغان بولسا ئۇلارغا ئىلگىركى جاھىلىيەت ئۇممەتلىرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىپ،ئاشۇلارغا يۇرگۇزگەن قانۇنىيەتلەرنى بۇلارغىمۇ يۇرگۇزگەن بولاتتى،

**‹‹ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا،ئۇلارغا(سىناش يۈزىسىدىن)پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئىچىۋەتتۇق،ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بىرىلگەن نىئمەتلەردىن خۇشال ـ خورام تۇرغاندا(ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق،)ئۇلار ھەسرەتتە قالدى،››(ئەنئام44 ـ ئايەت)**

**‹‹(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت)ھاياتى دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇ ـ زىنىنىتىنى(يەنى دۇنيانىڭ نىئمەتلىرىنى)كۆزلەيدىغان كىشلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بىرىمىز،دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھىچ نەرسە كىمەيتىلمەيدۇ››(ھۇد15 ـ ئايەت)**

ئاللانىڭ جاھىلىيەت مىللەتلىرگە تۇتقان ئىلاھى قانۇنىيتى ئۇلار ھاياتى دۇنيانى قانچىلىك ئويلىسا ۋە ئۇنىڭ سەۋەپ ـ نەتىجە قانۇنىيتى بويچە مىڭىپ دۇنيا ئۇچۇن قانچىلىك تىرشچانلىق قىلسا ئاللا ئۇلارغا شۇ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق بەرگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىشىنى سەۋەپكە باغلاپ قويۇپ بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئىزىقتۇرغان،نەتىجىدە ئۇلار بىز مانا

موشۇنداق سەۋەپ كۆرسەتكەنلىكىمىز ئۈچۈنلا نەتىجىگە ئېرىشتۇق دەپ ئويلىغان ۋە ئەمىلىيەتتە بۇ ئۇلارنىڭ ھالاكىتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالغان ۋە ئاخىردا ئاللا ئۇلارنى دۇنيا ياكى ئاخىرەتنىڭ ۋە ياكى ھەر ئىككىلىسىنىڭ جازاسى بىلەن تۇيۇقسىز جازالىغان،

**‹‹ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا،ئۇلارغا(سىناش يۈزىسىدىن)پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئىچىۋەتتۇق،ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېئمەتلەردىن خۇشال-خورام تۇرغاندا(ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق،)ئۇلار ھەسرەتتە قالدى،زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلدىزى قۇرۇتۇلدى،(يەنى ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى)جىمى ھەمدۇ-سانا(پەيغەمبەرلەرگە ياردەم بېرىپ كۇپپارلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن)ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر››(ئەنئام44-45ئايەتلەر)**

**‹‹(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت)ھاياتى دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇ-زىننىتىنى(يەنى دۇنيانىڭ نېئمەتلىرىنى)كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز،دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ،بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دەۋزەختىن باشقا ھېچ نەرسە يوقتۇر››(ھۇد15-16-ئايەت)**

ئەمما ئاللا ئۇممەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇشى ئۈچۈن،ئىنسانىيەتكە گۇۋاھچى بولۇشى ئۈچۈن ۋە ئىنسانلارنى ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا يېتەكلەيدىغان نۇرلۇق چىراق بولۇشى ئۈچۈن چىقارغان ئۇممەتنىڭ ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئالاھىدە بىر ئىشى بار،ئاللا ئۇنى ئۆزىنىڭ كىتابىدا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدە ئۇلارغا ئۇگەتتى ۋە رىئاللىقتا بۇ ئىشنىڭ ئەمىلى كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرسەتتى ۋە يەنە زىمىننىڭ رىئاللىقىدا

ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى،

ئاللا ئۇنىڭغا‹‹ئىمان ئېيتىڭلار››ۋە ‹‹ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار››‹‹ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ،ماڭا ھېچەرسىنى شېرىك قىلمايدۇ››نىڭ ئاچقۇچ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى،

مانا بۇلار گۇللىنىش،خاتىرجەملىك،ھۆكۈمرانلىق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئېلىپ بارىدىغان‹‹سەۋەپلەر››دۇر،

غەربىنىڭ‹‹سەۋەبلەرنى تۇتۇش›› ۋە سەۋەپكە تايىنىش يولى كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتكەن كىشىلەر‹‹ باشقا سەۋەپلەرنى تۇتماستىن پەقەت ئىمانلا زېمىندا گۇللىنىش ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت پەيدا قىلالامدۇ؟ماددى كۈچ ـ قۇۋۋەت،ئىلمى تەرەققىيات،پەن ـ تېخنىكا ۋە زور كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارنىڭ ئالدىدا ئىمان نېمىگە يارايدۇ؟››دەپ مەسخىرە ۋە ئەجەپلىنىش بىلەن توۋلايدۇ،

بىز بۇ دەرسنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ھەقىقى رەۋىشتە چۈشىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭ تەلەپ ـ تەقەززاسى بويىچە مېڭىشىمىز كېرەك،

مۇرجىئە پىرقىسى ئەمەلنى ئىماننىڭ تەقەززاسىدىن چىقىرىۋېتىپ،‹‹ئىمان دىگەن پەقەت دىلى بىلەن تەسدىق قىلىپ تىلى بىلەن ئېيتىپ قويۇشتىنلا ئىبارەت،ئەمەلنىڭ ئىمان بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق،ئەمەل ئىمان ئاتالغۇسىنىڭ ئىچىدە ئەمەس››دىگەندىن بۇيان ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ھاياتىدا تۈنجى زور خاتالىق ۋە نوقسان باشلاندى ۋە كىشىلەر ئەمەل بولمىسىمۇ ئىمان بولىۋېرىدۇ،ئەمەل ئىماننىڭ تەلەپ ـ تەقەززاسى ئەمەس دەپ ئويلاشقا باشلىدى،

ئەمما ئۆز دىنىنى ھەقىقى ماھىيىتى بىلەن چۈشەنگەن ۋە رىئاللىق ئالىمىدە

ئۇنى ئەينەن ئىجرا قىلغان تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار بولسا‹‹ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق،مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەلچىسى››دىگەن سۆزنى ئەقىدە ۋە شەرىئەت،ھاياتىنىڭ مۇكەممەل يولى،ئۇ ھاياتىنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.ھاياتتىكى ھىچقانداق نەرسە ئۇنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەيدۇ،بۇ تەۋھىد كەلىمىسىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن رىئال ھاياتتا پۈتۈنلەي ئۇنىڭ تەلەپ تەقەززاسى بويىچە ياشاش كىرەك.رىئال دۇنيادا ئۇنىڭ تەلەپ تەقەززاسى بويىچە ياشىمىساق ۋە ھاياتىمىزنىڭ بارلىق تەرەپلىرىگە ئۇنى تولۇق تەدبىقلىمىساق ئۇنى تولۇق ئىجرا قىلغان بولمايمىز دەپ چۈشەنگەن ۋە شۇئاساستا ياشىغان،بىراق مۇسۇلمانلار كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ تەلەپ ـ تەقەززالىرىنى ئۇنتۇشقا باشلىدى ۋە ئۇ ئاستا ـ ئاستا پەقەت تىل بىلەن ئىيتىپ قويسىلا بولىدىغان ياكى دىل بىلەن تەسدىقلاپ قويسىلا بولىدىغان،ئەمىلىيتى يوق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قىلىۋىدى،دەل شۇ سەۋەپتىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھالى بۈگۈن مانا موشۇ بولدى،

ئەنە ئاشۇ‹‹ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق››دىگەن سۆزنىڭ ۋەقەلىكى،

ئەمدى سەۋەپنىڭ ۋەقەلىكى نىمە؟ئاجىزلىق،كىيىن قىلىش ۋە تۇرغۇنلۇق،بىر ئىزدا توختاپ قىلىشنىڭ ۋەقەلىكى نىمە؟بىز سەۋەپنى ئىتىبارغا ئالمايمىزمۇ؟

ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس،بىز سەۋەپنى ھەرگىز ئىنكار قىلمايمىز،بۇنىڭدا قىلچىلىك شەك يوق.لىكىن بۇيەردىكى مەسىلە سەۋەپ‹‹ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق››دىگەن سۆزنىڭ تەقەززاسىنىڭ سىرتىدىكى نەرسىمۇ؟

ئاللا بىزنى بۇيرىغان ۋە ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ۋەزىپىسى قىلغان،ئاللانىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈچ ـ قۇۋۋەت توپلاش ۋە تەييارلىق قىلىش‹‹ئاللاھتىن

باشقا ئىلاھ يوق››دىگەن سۆزنىڭ تەلەپ ـ تەقەززاسى ئەمەسمۇ؟

**‹‹دۇشمەنلىرىڭلار(بىلەن ئۇرۇش قىلىش)ئۇچۇن قولۇڭلاردىن كىلىشىچە قورال كۈچى،جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار،بۇنىڭ بىلەن ئاللانىڭ دۇشمىنىنى،ئۆزۈڭلارنىڭ دۇشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۇشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر،ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر،ئاللا تونۇيدۇ،سىلەرنىڭ ئاللانىڭ يولىدا سەرىپ قىلغىنىڭلار مەيلى نىمە بولسا بولسۇن،سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بىرىلىدۇ،سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ،(يەنى بۇ ساۋاپتىن ھىچنەرسە كىمەيتىلمەيدۇ.)››(ئەنفال سۈرىسى 60 ـ ئايەت)**

ھەرقايسى ساھەلەردىكى بىلىملەرنى تەلەپ قىلىش‹‹ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق››دىگەن بۇ ئۇممەتكە مەيلى كۆپايە پەرىز بولسۇن ياكى ئەينى پەرىز بولسۇن بەرىبىر پەرىز ئەمەسمۇ؟‹‹بىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرىزدۇر››(تەبەرانى يەتكۈزگەن ھەدىس)

ئاللا ئات قىلغان رىزىقنى ئىزدەپ زىمىننى ئايلىنىش،دۇنيانى گۈللەندۇرۇش ئۇچۇن ئاسمان ۋە زىمىننىڭ بايلىقلىرىنى ئىچىش،بويسۇندۇرۇش ئاللا‹‹ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق››دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ئۇممەتكە بىكىتكەن پەرىز ئەمەسمۇ؟

**‹‹ئاللا سىلەرگە زىمىننى مىڭىشنى ئاسان قىلدى،زىمىننىڭ ئەتراپىدا مىڭىڭلار،ئاللانىڭ(بەرگەن)رىزقىدىن يەڭلار،سىلەر تىرىلگەندىن كىيىن ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.››(مۇلۇك سۈرىسى 15 ـ ئايەت)**

**‹‹ئاللا ئاسمانلاردىكى ۋە زىمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى(كامالى)پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرى،بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (قۇدرەت ئىلاھىنى)تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋىم ئۇچۇن(ئاللانىڭ**

**قۇدىرتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان)(رۇشەن)دەلىللەر بار››(جاسىيە سۈرىسى 13 ـ ئايەت)**

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۆز ـ ئارا قىرىنداشلىق،دوسلۇق ۋە مۇھەببەتنىڭ بولۇشى ئاللا‹‹ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق››دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ئۇممەتكە بىكىتكەن پەرىز ئەمەسمۇ؟

‹‹ئۆز ـ ئارا دۈشمەنلىك قىلىشماڭلار،ھەسەد قىلىشماڭلار،بىربىرىڭلاردىن يۈز ئۆرىمەڭلار،ئاللانىڭ ئۆز ـ ئارا قىرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار››(مۇسلىم يەتكۈزگەن)

**‹‹مۆئمىنەر ھەقىقەتەن(دىندا)قىرىنداشلاردۇر،(ئۇرۇشۇپ قالسا)قىرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار،رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللادىن قورقۇڭلار››(ھوجۇرات10 ـ ئايەت)**

سىياسى،ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى جەھەتلەردە ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئاللا‹‹ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق››دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ئۇممەتكە بىكىتكەن پەرىز ئەمەسمۇ؟

**‹‹شۈبھىسىزكى،ئاللا سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا،كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرىيدۇ،››(نىسا سۈرىسى 59 ـ ئايەت)**

**‹‹سۆز قىلغان(ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن)چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار(ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بىرىلگەن ئادەم)تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ ئاللاغا بىرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار››(ئەنئام152 ـ ئايەت)**

**‹‹ئى مۆئمىنلەر ئاللانىڭ(ھەقلىرىنى)ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار،ئادىللىق**

**بىلەن گۇۋاھلىق بىرىڭلار،بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار،(ئۇلارغا)ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەپ بولمىسۇن،(دۇشمىنىڭلارغا)ئادىل بولۇڭلار،بۇ(يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولىشۇڭلار،)تەقۋادارلىققا ئەڭ يىقىندۇر،ئاللادىن قورقۇڭلار،ئاللا ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر،››(سۇرە مائىدە 8 ـ ئايەت)**

**‹‹بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبىرىمىزنى رۇشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق،ۋە ئۇلار بىلەن بىللە،ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ،كىتاپنى قانۇننى چۈشۈردۇق،تۇمۇرنى ياراتتۇق،››(سۇرە ھەدىد25 ـ ئايەت)**

مانا ئاشۇ يۇقارقىلار ۋە ئۇلاردىن باشقىلار‹‹ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق››دىگەن سۆزنىڭ تەقەززاسى،تەلىپى،ئىجرا قىلىشقا،ئورۇنلاشقا تىگىشلىك ۋاجىباتلار بولۇپ،قانداقتۇ كىشىلەر ئۇنىڭ گۈزەللىكى توغۇرلۇق مۇلاھىزە ئىلىپ بىرىش ئۈچۈن تاملارغا ئىسىپ قويۇدىغان زىنนەت بويۇملىرى ياكى لەۋھەلەر ئەمەس،ئۇلار پەقەت بۇ ئۇممەتنىڭ گۈللىنىشى،كۈچىيىشى ۋە خاتىرجەملىككە ئىرىشىش ئۈچۈن ئىجرا قىلىشقا تىگىشلىك پەرىزلەردۇر،موبادا ئۇممەت ئاللانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىجرا قىلسا ئاللا ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان نەرسىلەر چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ،ۋە تارىختىكى گۈللەنگەن،ھۆكۈمران بولغان،كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان ۋە زىمىندا باشقىلار ئەيمىنىدىغان بىر گەۋدە بولغان دەۋىرلىرىگە قايتا ئىرىشىدۇ،

بەزىلەر ھەممە ئىش سەۋەپكە باغلىق بولسا ئۇنداقتا بۇ ئىشتا مۆئمىنلەر بىلەن مۆئمىن ئەمەسلەر ئارىسىدىكى پەرىق نەدە قالدى؟ئىش موشۇنداق بولغاندىن كىيىن بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن پەقەت سەۋەپلەرگىلا تىرىشچانلىق

كۆرسىتىپ ئىمان مەسىلىسىنى بىر تەرەپكە قويۇپ قويساق،ياكى ئۇنى ياۋرۇپالىقلارغا ئوخشاش خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتىدىغان ۋە خالىغان ئادەم كاپىر بولىدىغان‹‹شەخسى مەسىلە››قىلساق بولمامدۇ؟دېيىشى مۇمكىن، ئاللاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ھەقىقى مۆئمىنىنىڭ بۇنداق گەپنى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس،بۇنداق دىگەن ئادەم شەكسىز خاتا كەتكەن بولىدۇ،بۇنداق گەپنى پەقەت غەربىنىڭ ئىددىيە تاجاۋۇز قەلبىنى ئىگەللىۋالغان ۋە ھەتتا ئۇنى ئىمان دائىرىسىدىن چىقىرۋەتكەن ئادەملا دەيدۇ، بۇنداق گەپنى قىلغانلار دۇنيادا ئىنسانلار جەمىيىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىلاھى قانۇنىيەتلەرنى تونۇشتا خاتا كەتكەن بولىدۇ،ۋە تارىخنى چۈشىنىشتە خاتا كەتكەن بولىدۇ،

توغرا،ئىنسان ھاياتىدا ھىچقانداق نەرسە سەۋەپسىز ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ،چۈنكى ئىنسان ھىچقاچان ھەرقانداق بىر نەرسىگە بولغىن دىسە بولىدىغان مەخلۇق ئەمەس،بۇ ئاللاغىلا خاس ئىش خالاس،ئىنسان پەقەت جاپا چىكىش ئۇچۈنلا يارىتىلغان،ئۇ بۇ دۇنيادا جاپا مۇمۇشەققەتسىز ھىچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ،**‹‹ئى ئىنسان!سەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭغا مۇلاقات بولغىنىڭغا قەدەر،(ئۆز ئىشىڭدا)سەئيى ـ ئىجتاھات قىلىسەن(يەنى ئەمىلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن،)(سۈرە ھەدىد6 ـ ئايەت)**

**‹‹بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتتۇق،››(سۈرە بەلەد4 ـ ئايەت)**

لىكىن كاپىرلار جاپا چىكىدۇ،ئاللا خالىسا ئۇلارنى مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشتۇرىدۇ،ۋە ئۇلارنى ئاشۇ مۇۋەپپىقىيەتلىرى بىلەن غەپلەتتە قويۇپ گۇناھلىرىنى چىكىگە يەتكۈزىدۇ،ئاندىن ئۇلارنى تۇيۇقسىز شۇنداق قاتتىق

جازالايدۇكى ئۇلار قانداق سەۋەپلەرنى قىلسۇن كىرەككە كەلمەيدۇ،ئۇلارغا بەرگەن ۋاقىت مەيلى ئۇزۇن بولسۇن ياكى قىسقا بولسۇن بەربىر ئۇلارنى گۇمران قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئورۇنلىشىدىغان جايى جەھەننەم بولىدۇ،ئۇ نىمىدىگەن يامان جاي!‹‹**كاپىرلار ئۆزلىرىگە(جازا بەرمەستىن)مۆھلەت بىرىشىمىزنى،(يەنى ئۆمۈرىنى ئۇزۇن قىلىشىمىزنى)ھەرگىزمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن،ئۇلارغا مۆھلەت بىرىشىمىز،(ۋە ئەجىلىنى كىچىكتۇرشىمىز)پەقەت ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈندۇر،ئۇلار،(ئاخىرەتتە)خار قىلغۇچى ئازاپقا دۇچار بولىدۇ،››(سۇرە ئال ئىمران 178 ـ ئايەت)**

**‹‹نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم تۇرۇقلۇق ئۇلارغا مۆھلەت بەردىم،(ئۇلار بۇ مۆھلەتكە مەغرۇر بولۇپ كەتتى،)ئاندىن(يەنى ئۇلارغا ئۇزاق مۇددەت مۆھلەت بەرگىنىمدىن كىيىن،)ئۇلارنى جازالىدىم،ئاخىر قايتىدىغان جاي مىنىڭ دەرگاھىمدۇر،(يەنى ئاخىر ھەممىسى ماڭا كىلىدۇ،)››(سۇرە ھەج48 ـ ئايەت)**

ئەمدى مۆمىنلەرگە كەلسەك ئۇلارمۇ جاپا چىكىدۇ ۋە كۈچىنىڭ يىتىشىچە سەۋەپلەرنى قىلىدۇ دە شۇنىڭ بىلەن ئاللا ئۇلارغا ياردەم بىرىدۇ.گەرچە ئۇلار سان ۋە تەييارلىق جەھەتتە كاپىرلاردىن نەچچە ھەسسە ئاجىز بولسىمۇ ئۇلارغا غەلبە ئاتا قىلىدۇ.ۋە ئۇلارنى ئۆزى رازى بولۇپ تۇرۇپ ئۇستۇن قىلىدۇ،ئۇلارغا ھاياتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە بەركەت ئاتا قىلىدۇ ۋە كاپىرلارنىڭ ئۇنىڭ تەمىنى بىلمەيدىغان خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدۇ.‹‹**(ئى يەھۇدىلار جامەسى،بەدىردە جەڭ ئۈچۈن)ئۇچراشقان ئىككى گورۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار،بىرى ئاللا يولىدا ئۇرۇشىۋاتقان گورۇھتۇر،يەنە بىرى مۇسۇلمانلارنى(سانىنى)ئۆزلىرىدەك ئىككى باراۋەر ئوپئوچۇق كۆرگەن كاپىرلار**

گوروھىدۇر،(يەنى ئاللا كاپىرلارغا قورقۇنۇچ سېلىش بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشتىن قول يىغدۇرۇش ئۈچۈن كاپىرلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى جىق كۆرسەتتى.)ئاللا خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىپ قوللايدۇ،بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بار،››(سۈرە ئال ئىمران 13 ـ ئايەت)‹‹(پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان)شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە( كۇپىردىن،گۇناھلاردىن)ساقلانغان بولسا ئىدى،ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئاسمان ـ زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق،لېكىن ئۇلار(پەيغەمبەرلەرنى)ئىنكار قىلدى،شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق،››(سۈرە ئەئراپ 96 ـ ئايەت)‹‹(تەۋبە قىلغانلار)ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللانى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ،بىلىڭلاركى دىللار ئاللانى يادئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ،››(سۈرە رەئىد 28 ـ ئايەت)

ئۇنداقتا،مانا بۇ گەرچە سەۋەپلەرنى قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى جەھەتتە بىرلىككە كەلسىمۇ لېكىن بىر ئەمەس بەلكى بىربىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىماي ئىككى يول،

ئىسلام ئۇممىتى كىتاپ ۋە سۈننەتنى چىڭ تۇتۇش ۋە قۇرئان كەرىمنى ئوچۇق قەلىپ بىلەن تەپەككەر قىلىش ئارقىلىق ئۆزگە مۇناسىۋەتلىك ئىلاھى قانۇنىيەتلەرنى ئىجرا قىلغان ۋاقتىدا ئاللا ئۇنى ئۆزىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۇستۇنلىككە ئىگە قىلدى ۋە ئۇنىڭغا تەرەپ تەرەپلەردىن بەركەت ئاتا قىلىپ ھاياتىنى خاتىرجەملىككە تولدۇرىۋەتتى،ۋە ئۇنى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ـ ـ گەرچە ئۇلار ئاللانىڭ دىنىغا كىرمىگەن بولسىمۇ ـ ـ يول

باشلىغۇچىسى ۋە مۇئەللىمى قىلدى،ياۋرۇپا ئىسلامغا كىرىشنى رەت قىلغان ۋە ھەتتا ئۇنىڭ ئەھلىگە قاتتىق ئۇرۇش قوزغىغان تۇرۇغلۇق مۇسۇلمانلاردىن ئۆگەنگەن نەرسىلەر ئارقىلىق ئاندىن ئۆزىنىڭ‹‹گۈللىنىشى››نى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىدى،

لىكىن ئىسلام ئۇممىتى ئاللاھتىن باشقا ئىلا يوق دىگەن سۆزنىڭ تەلەپ-تەقەززالىرىنى بىربىرلەپ تاشلىۋتىشكە باشلىغان ۋە ئاللانىڭ كىتابىنى چىڭ تۇتماسلىق ۋە ئۇنى يىتەرلىك ئويلانماسلىق نەتىجىسىدە ئاللا ئورۇنلاشتۇرغان قانۇنىيەتلەرگە بولغان چۈشەنچىسى ئاجىزلاشقان ۋاقتىدا ئاخىرىدا چوقۇم كىلىپ چىقىشقا تىگىشلىك نەتىجە كىلى چىقتى،چۈنكى ئاللا ئورۇنلاشتۇرغان قانۇنىيەتلەر ئۆزگەرمەيتتى ۋە ھىچبىر ئادەمگە يان باسمايتتى،

**‹‹ئاللانىڭ(مەخلۇقاتلار ئۇستىدىن قوللانىغان) يولىدا ھەرگىزمۇ ھىچقانداق ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن،ئاللا يولىدا ھەرگىز يۆتكىلىشنىمۇ(يەنى ئازاپنىڭ ئازاپقا تىگىشلىك بولغانلاردىن باشقىلارنىڭ ئۇستىگە يۆتكىلىشىنى)كۆرمەيسەن،››(سۈرە فاتىر43-ئايەت)**

كىشىلەر سوفىزىمنىڭ تەسىرى بىلەن دۇنياغا سەل قارىغان ۋە مىدىتسىنا،ئاستىرونومىيە،ماتىماتىكا،فىزىكا،خىمىيەدىن ئىبارەت ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە مۇناسىۋتلىك بىلىملەرگە سەل قارىغان ۋاقتىدا تەبىئىيلا سانائەتتە كىيىن قالدى ۋە شۇنىڭدەك يەنە ئۇرۇش پەنلىرىدە ۋە ئۇنىڭغا كىرەكلىك قورال-ياراغلارنى ياساشتا كىيىن قالدى،چۈنكى قەدىمدىن بۇيان ئۇرۇش پەنلىرى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرەپلىرىدە ئىلىم-پەن ۋە سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا تايىناتتى،

مۇسۇلمانلار ئىلىم ـ پەن ۋە سانائەتكە سەل قارىغان ۋاقىتتا ۋە ئۇرۇش پەنلىرىدە كەينى قالغان ۋاقىتتا ياۋروپا—مۇسۇلمانلاردىن ئۆگەنگەن نەرسىلەر بىلەن—ئىلىم ـ پەن ۋە سانائەتتە ئىلگىرلەپ مۇسۇلمانلار بىلمەيدىغان ئۇرۇش قوراللىرىنى ياساپ بولغان ئىدى.

ياۋروپا زېمىندا ھۆكۈمران بولۇشنىڭ سەۋەپلىرىنى قىلىۋاتقان ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار تەركىدۇنيا بولۇش ۋە ھۆكۈمرانلىقتىن يىراق تۇرۇشنىڭ سەۋەپلىرىنى قىلماقتا ئىدى.

ئىككى گورۇھ ئۇچىرشىۋىدى ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغان ئاقىۋەت يۈزبەردى. خىرىستىيان دۆلەتلىرى ئوسمانىيە دۆلىتىنى تەرەپ تەرەپتىن تالاشقا ۋە ئىسلام زېمىنىنى بىر پارچىدىن بىر پارچىدىن يۇتىۋىلىشقا باشلىدى.ھالبۇكى ئىسلام ئۇممىتى زىكىر بىلەن—قۇرئان كۆرسەتكەن ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دىگەن سۆزنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە ئىنسانىنى كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئۇستۇنلۈككە يېتەكلەيدىغان زىكىر بىلەن ئەمەس—بەلكى ئۆزىنى غەيىپ ئالىمىگە شۇڭغۇيمىز بەلكى تىخى فەناغا يىتىمىز دەپ داۋا قىلىپ رىئاللىقتا يۈزلىنىشتىن قاچىدىغان سوفىلارچە زىكىر بىلەن مەشغۇل ئىدى.

دۈشمەن قەدەملىرىنىڭ ئۇلارنىڭ زېمىنىغا ئاياغ بېسىشى بىلەن ئۇلار ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر چىقتى ۋە ‹‹ئىسلاھات››ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكىگە چاقىردى،ۋە ئۇلار تارىختا‹‹ئىسلاھاتچىلار››دەپ ئاتالدى،ئۇلار دىنى يولنى تاشلاشقا—ياكى ئۇنى ئەڭ بولمىغاندىمۇ پەقەت ئېتىقاد ۋە ئىبادەت دائىرىسىدىلا چەكلەشكە—تەرەققى قىلىش ئۈچۈن،مەدىنىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن ۋە قالاقلىقنىڭ تەسىرىنى يوقىتىپ كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن

ئىددىيە،ھايات ۋە ئەمىلى ھەركەت ساھەسىدە غەرىپنىڭ يولىنى تۇتۇشقا چاقىردى،،،،،

بۇنىڭغا ئىككى ئەسىر ۋاقىت ئۆتتى،بۇ ئىككى ئەسىر جەريانىدا ھىلىقى ئىسلاھاتچىلار ئىزدىگەن ئاززۇسىغا يىتىش ئۇچۇن غەرىپ ھاياتىنىڭ ھەربىر كۆرۈنۇشلىرىنى چىڭ تۇتۇشقا تىرىشتى،ئىككى ئەسىرلىك تىرىشچانلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى قانداق بولدى؟!

يەھۇدىلار پەلەستىنىدە،

سىرىپلا بوسنىيە ھەرسەكتە،

ھىندىلار ھىندىستان ۋە كەشمىردە،

ئۆلاردىن باشقىلار،،ۋە ئۆلاردىن باشقىلار،،يەنە باشقا ئورۇنلاردا،،

ئىسلام دۇنياسى گەدىنىگىچە قەرزگە پاتتى،ۋە ئىلىم ـ پەن،سانائەت ۋە تىخنولوگىيە ساھەسىدە قاتتىق كىيىن قالدى،كەمبىغەللىك ۋە باشقىلارغا بىقىندىلىققا غەرىق بولدى،ئاشۇنىڭ ھەممىسىدىن ئىچىنىشلىقى ئەخلاقى بۇزۇقچىلىققا غەرىق بولدى،

ئەمىلىيەتتە ‹‹ئىسلاھاتلار›› ئاياغلاشتى،

ئىسلام دۆلەتلىرىدە مەكتەپلەر ۋە ئۇنىۋىرستىتلار بار،يوللار ۋە قاتناش ۋاستىلىرى ،رادىئو ۋە تىلىۋىزۇرلار ، مال ۋە مەبلەغلەر،بىنا ۋە ئىمارەتلەر ،‹‹ئەر ۋە ئايال مۇئەللىملەر ››ۋە يەنە يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر بار،

لىكىن يەھۇدى ناسارا دۇشمەنلەرنىڭ ئۆلارنىڭ ھەممىسىگە پەرۋايى پەلەك، ئۆلاردىن قىلچىمۇ ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ،چۈنكى ئۇلار يۇقارقىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاچقۇچى بىزنىڭ قولىمىزدا ،،،خالىساق ئاچىمىز،خالىساق ئىتىمىز دەپ قارايدۇ ۋە ئاچقىنىدىن كۆپراق ئىتىدۇ،ياكى تەھدىت سىلىش

ئارقىلىق ھەقىقى كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىلىپ بارىدىغان نەرسىلەرنى ئىتىپ، ئاجىزلىققا ئىلىپ بارىدىغان نەرسىلەرنى ئاچىدۇ،

شۇڭلاشقا ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ قىشىدا قانچىلىك زەمبىرەك بار دىگەننى ئىستاتىستىكا قىلمايدۇ،چۈنكى شۇ زەمبىرەكلەرنى ئۇلارنىڭ ئۆزى سىتىپ بىرىدىغان بولۇپ،سانى بەك كۆپىيىپ كىتەي دىسە سىتىشنى توختىتىۋالىدۇ،

ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ قىشىدا قانچە مەكتەپ ۋە قانچە ئۇنىۋىرستىت بار دىگەننى ئىستاتىستىكا قىلمايدۇ،چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزى ئىددىيە تاجاۋۇزچىلىقى ئارقىلىق ئۇ يەردىكى ئەر ئايال مۇئەللىملەرنىڭ كاللىسىنى ياساپ،شەكىللەندۈرۈپ بولغان،

ئۇلار يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ قىشىدا قانچە ماشىنا بار دىگەننى ساناپ يۈرمەيدۇ،چۈنكى ئۇ ماشىنىلارنى شۇلارنىڭ ئۆزى ئىمپورت قىلغان،ئۇلار تىخى پايدىنى كۆپرەك ئىلىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىقىنى كۆپرەك شۈلىۋىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ(ماشىنىلار) سانىنىڭ ئىشىشىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ،ئۇلارنىڭ سانىنىڭ ئىشىدىن ھەرگىز ئەنسىرمەيدۇ بەلكى خۇشال بولىدۇ،

لىكىن ئۇلار— تەسۋىرلىگۈسىز بىئاراملىق بىلەن—قانچىلىك ئىسلامى جەمىيەتلەر قۇرۇلدى؟ئۇلارنىڭ قانچە ئەگەشكۈچىسى بار؟قانچىلىق ياش ئىسلامنى چىڭ تۇتۇپ ياشاۋاتىدۇ،قانچىلىق قىز ھىجاپلاندى؟،،دىگەننى ناھايتى ئىنچىكە تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئىستاتىستىكىلايدۇ،چۈنكى ئۇلار—ھەممىدىن بۇرۇن—مانا موشۇلارنىڭ ئۆزىنىڭلا ھەقىقى كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا چوقۇم سەل قارىماسلىق

كىرەكلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

**‹‹بىز كىتاپ بەرگەنلەر(يەنى يەھۇدى ۋە ناسارالار)ئۇنى(يەنى پەيغەمبەرنى)ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ،ئۇلارنى بىر پىرقىسى،شۈبھىسىزكى ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ.››(سۈرە بەقەر186 ـ ئايەت)**

ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دىگەن سۆزگە ھەقىقى قايتىش بۇ ئۇممەتنىڭ ئۇنىڭغا چۈشكەن بارلىق قىيىنچىلىقلاردىن بىردىنبىر چىقىش يولى،ئۇ يەنە يەھۇدى ۋە ناسارا دۈشمەنلەر قاتتىق ئەنسىرەۋاتقان ۋە ھەرقانداق ۋاستىلەرنى ۋە بارلىق يوللارنى ئىشلىتىپ بىزنى ئۇنىڭدىن توسۇشقا ئۇرۇنىۋاتقان يول، بۇنداق دىگەنلىك كىشىلەرنىڭ ئەقىدىسىنى تۈزەش ئۈچۈن —بىزنىڭ بۇندىن بۇرۇنمۇ نۇرغۇن قىتىم تەكىتلىگىنىمىزدەك—مەكتەپ ۋە ئۇنىۋىرستىتلارغا،يول ۋە قاتناش ۋاستىلىرىغا، ئىقتىساد ،جەمىيەت ۋە مائارىپنى‹‹مەدىنىيەت››نى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا سەل قارىساقمۇ بولىدۇ دىگەنلىك ئەمەس،بۇنداق گەپنىڭ ھەرقانداق بىر ئەقلى بار ئادەمنىڭ ئىغىزىدىن چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ساھابىلىرىگە—ئۇلارنى تەربىيلىگەن ۋاقتىدا— ھىچقاچان كۈندىلىك تىرىكچىلىكىڭلارنى تاشلاڭلار،ئەمدى ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭماڭلار،بالىلىرىڭلار،ئاياللىرىڭلار ۋە ئۆزۈڭلارنى ئاچ قويۇڭلار،ھۈنەرـ سانائەت ئۈگەنمەڭلار،ئەقىدەڭلارنىڭ راۋۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن ۋە مىنىڭ سىلەرنى ساغلام ئىمانلىق قىلىپ تەربىيلىشىم ئۈچۈن ھىچقانداق ئىش بىلەن شۇغۇللانماڭلار دىمىگەن،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت ئۇلارغا ئۈگەتكەن ۋە ئۇلارنى تەربىيلىگەن لىكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەبىئى مەشغۇلاتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋەرگەن،چۈنكى بۇ ئىككى ئىشنىڭ

بىرىنى قىلىش ئۈچۈن يەنە بىرىنى توختىتىپ قويۇش ياكى تاشلاش ۋە ئۇلارنىڭ بىرىنى دەپ يەنە بىرىدىن كېچىش لازىم ئەمەس ئىدى.

ئىسلام ئۈممىتى بۇ ھەقىقەتكە—پەقەت تونۇپ قويۇشقىلا ۋە چۈشىنىپ قويۇشقىلا ئەمەس— بەلكى چىن ئىشىنىشكە ئېھتىياجىلىق،چۈنكى تونۇش،چۈشىنىش دىگەن پەقەت ئادەمنىڭ زېھنىدا تامام بولىدىغان پائالىيەت بولۇپ پۈتۈن تارىختىكى پەلسەپىلەرگە ئوخشاش، بارلىق زېھنى تونۇشلار ۋە زېھنى چۈشەنچىلەرگە ئوخشاش ۋە يەنە مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا قويۇۋاتقان تونۇشلار ۋە چۈشەنچىلەرگە ئوخشاش بەزىدە تۇرغۇن ھالەتتە تۇرۇپ قىلىپ ھەركەتلەنمەيدۇ ۋە ئىنساننى تونۇغان نەرسىنى ئىجرا قىلىشقا ھەركەتلەندۈرەلمەيدۇ.

لېكىن‹‹چىن ئىشەنچ››دىگەن‹‹تونۇش،چۈشىنىش››قا ئوخشاش كاللىدا مۆكۈۋالمايدۇ،،ئۇ پەقەت ئىنساننىڭ زېھنىدىن قەلبىگە يۆتكىلىپ ئۇنىڭدا چوڭقۇرلىشىدۇ ئاندىن ۋىجدانىغا ئايلىنىپ قەلبىنى ھەركەتلەندۈرۈشكە باشلايدۇ ۋە ئاندىن ئەمىلى ھەركەتكە ئۆزگىرەيدۇ،،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى مانا موشۇ ئۇسۇل بىلەن تەربىيلىگەن.

مانا بۇ ئۈممەت ئېھتىياجلىق بولغان نەرسە.

گەرچە شىددەتلىك ئىددىيە تاجاۋۇزچىلىقى سەۋەبىدىن ۋە شەرىئەتنى ھاكىم قىلىش مەسىلىسى،ئايالالار ئازاتلىقى مەسىلىسى،جازانە ئىقتىساد مەسىلىسى،ئىلمى ۋە سىياسى جەھەتلەردە غەربكە ئەگىشىش مەسىلىسى ،جىھاد مەسىلىسى‹‹خەلىقئارا جەمىيەت››مەسىلىسى ۋە بىر كىچىككىنە بىر كەنتكە ئايلىنىپ قالغان يەرشارى مەسىلگە ئوخشاش يىڭى ئەسىر جاھىلىيتى مۇسۇلمانلارغا مەجبۇرى يۈكلىگەن بىر قاتار ‹‹رىئالنى

ئىشلار››سەۋەبىدىن ئىسلامى تونۇشلارنىڭ ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ بەزىسى ئىسلامنىڭ هازىرقى غېرىپ هالىتىدە كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا تونۇشسىز،غېرىپ نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ.لېكىن ئىسلامى چۈشەنچىلەر ۋە ئۇقۇملار يەنىلا تونۇشلۇق،،،

ئىسلام ئالىملىرى ئىسلامنىڭ بۇ مەسىلىلەر توغۇرسىدىكى مەيدانىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ۋە ئىددىيە تاجاۋۇزچىلىقى ئاستىدا چوڭ بولغان ۋە ئىسلام هوكۇمرانلىق قىلمايدىغان بىر دۇنيادا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەۋلادلارنىڭ زىهنىنى يېپىۋالغان قاراڭغۇلۇقلارنى يوقىتىش ئۈچۈن يۇقارقى مەسىلىلەردە—ئۇلارنىڭ هەممىسىدە—كىتاپ يازسا بۇنىڭدا چاتاق يوق،ئۇ ئەلۋەتتە ئىسلامنىڭ هەقىقى ماهىيىتىنى تونۇشقا لازىم بولىدىغان بىلىملەرنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ،

لېكىن بىزنىڭ يۇقاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك چوشنىش،چۈشەنچىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ،

تۇنۇش،چۈشەنچىلەر چىن ئىشەنچكە ئۆزگىرىشى كېرەك،

ئۇممەتنى ئىسلام بىلەن تەربىيلەش كېرەك،

مانا بۇ دەۋەت خىزمىتى يۈزلىنىدىغان هەقىقى قىيىنچىلىق،

چۈنكى ئىش كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋرۇ قىلغىنىدىنمۇ يەنىلا ناهايتى چوڭ،ۋە يەنە شۇنداقلا بىزدىن تەلەپ قىلىنغان تىرىشچانلىقمۇ هەم كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋرۇ قىلغىنىدىن يەنىلا ناهايتى چوڭ،

بۇ قىيىنچىلىقنى هەل قىلىش ئۈچۈن ئۇيەر بۇيەردە بىرقانچە پاي ئوق ئېتىپ قويۇش ياكى ئىسلامچىلاردىن بىر تۈركۈم‹‹ۋەكىللەر››نىڭ ئاللا چۈشۈرگەن نەرسىنىڭ غەيرى بىلەن قانۇن چىقىرىدىغان قانۇن چىقىرىش ئورۇنلىرىغا

شىرىك بولۇپ قاتنىشىپ قويۇشى ھەرگىز يېتەرلىك بولمايدۇ،

بۇنىڭ سەۋەبى چۈنكى بۈيەردىكى قىيىنچىلىق ئىسلامى ھاياتنىڭ مەلۇم قىسمىدىكى بۇزۇقچىلىقنى ياكى بىر قانچە چەكلىك تەرەپنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسىلا ئەمەس،شۇڭلاشقا ئۇنى ھەل قىلىدىغىنىمۇ ئاچچىقتىن ئىتىلغان بىر قانچە پاي ئوق ياكى قانۇن چىقىرىش مەجلىسلىرىدە بىرقانچىنى ئاچچىقى توۋىلاپ قويۇش ئەمەس،

ئۇ بىر ئۇممەتنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش قىيىچىلىقى،،بولۇپ بۇ تىرىشچانلىقىقا،سەبىرگە ۋە ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشتۇرۇشقا مۇھتاج،بىز شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە، بىر ئۇممەتنى بىر قىتىمدىلا تەربىيلەش مومكىن ئەمەسلىكىنى بىلىشىمىز كىرەك،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام—تارىختىكى ئەڭ بۈيۈك يولغاشچى ۋە ئەڭ بۈيۈك تەربىيەتچى—مۇ ئۆزىنىڭ ساھابىلىرىنى بىرلا قىتىمدا تەربىيلىمىگەن،ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىرسىنى ،،،تەربىيلىمىگەن،ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدىمۇ ئىمانى ئاجىزلار،ھورۇنلۇق قىلغۇچىلار،توسالغۇ بولۇۋالغۇچىلار،كىيىن قالغۇچىلار،ئىش خوشياقماسلار ۋە ئۇلاردىن باشقا قۇرئاننىڭ مەدىنە سۈرىلىرىدە تىلغا ئىلىنغان ۋە سۈپەتلەنگەن سۈپەتكە ئىگە كىشىلەر بار ئىدى،

لىكىن ئۇ ئاۋانگارتلارنى،،ئىمانى مۇستەھكەم،قۇرۇلمىسى چىڭ،ئاساسى پۇختا ئاۋانگاتلارنى تەربىيلىگەن،بۇ ئاۋانگارتلار ياخشى ئۈلگىلەر بىلەن ۋە مۇستەھكەم ئىمانلىق ،ساپ-پاكىز روھلاردىن چاقنىغان نۇرلار بىلەن ئۇممەتنىڭ باشقىلىرىنى تەربىيلىدى،

بىز بۈگۈن ئىسلامغا چۈشكەن ئىككىنچى غىرىپلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن تارىختىكى خەلىقنىڭ ئەڭ كاتتىسى مۇھەممەد ئىبنى ئادۇللا

ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلغان ھالدا،ئۇنىڭغا(ئىسلامغا) بىرىنچى قېتىم چۈشكەن غىرىپلىقنى يوقاتقان يولنىڭ دەل ئۆزىگە مۇھتاج،

**‹‹سىلەرگە—ئاللانى،ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللانى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە—رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر،››(سۈرە ئەھزاپ 21 ـ ئايەت)**

# كەلگۈسى ئىسلامغا مەنسۇپ

بەزى كىشىلەر مۇسۇلمانلار زىمىنىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە دۈچ كىلىۋاتقان يوقىتىش ئۇرۇشلىرى،يەھۇدىلار،ناسارالار ۋە بۇددىستلاردىن تەشكىللەنگەن ئىسلامغا قارشى دۇنياۋى ئىتتىپاق ۋە سىياسەت،ئىقتىساد،جەمىيەت ۋە مەدىنىيەت قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەر بىرىدە ئىسلامغا قارشى شەيتانى پىلان بىلەن پىلانلىنىۋاتقان سۇيقەستلەرگە قارايدۇ دە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلۇققا تولۇپ زىمىندا يەنە ئىسلامنىڭ كەلگۈسى بارمۇ؟دەپ سورايدۇ، ئاندىن بىز ئىسلام ئويغىنىشى ئۆزىنىڭ ھەقىقى مىۋىسىنى بىرىش ئۈچۈن بىسىپ ئۆتۈشكە تىگىشلىك ئۇزۇن مۇساپىنى ۋە سەبىر،تەمكىنلىك،پۇتۇن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆزىنى ئاتاش،يىراقنى كۆرەرلىك ۋە تىرىشچانلىقنى توختاتماستىن ئۆزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىسلام ئويغىنىشىغا لازىم بولغان نەرسىلەرنى سۆزلىسەك كۆپلىگەن كىشىلەر تىزلا زىرىكىدۇ،،،ۋە ئۇلارنىڭ بەزىسى ؛بىزگە تىز ھەل قىلىش لاھىيەسى لازىم،چۈنكى دۈشمەنلەر كۈتۈپ تۇرمايدۇ،ئۇلار ھەركۈنى ئاقىمۇ-ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىدۇ،موبدا بىز تىز ھەل قىلىش چارىسىنى ئىزدىمىسەك ئۇلارنىڭ ھۇجۇملىرى بىزنى تىرە-پىرەن قىلىۋىتىدۇ،ۋە مۇسۇلمانلار ئۇلارغا رەددىيە قايتۇرىدىغان كۈچكە ئىگە بولۇشتىن بۇرۇنلا مۇسۇلمانلارنى ۋەيران قىلىۋىتىدۇ،،،دەيدۇ،يەنە باشقىلار؛ھەربىر ئورۇندا ئۇرۇش كەسكىنلىك بىلەن داۋاملىشىۋاتقان تۇرسا

بۇنداق ئۇزۇن مەزگىللىك پىلاننى قانداقمۇ ئىشقا ئاشۇرغىلى بولسۇن؟ھەرقاچان بىر بۆلۈك ياشلار چىقىپ ئىسلامغا يۈزلەنسە تۇرمە بىلەن ياكى ئازاپلاش بىلەن ياكى قوغلاپ چىقىرىش بىلەن ۋە ياكى ئۆلتۈرۈش بىلەن يوقىتىۋېتىلسە ھىلىقى تەلەپ قىلىنغان تەربىيە ئۈچۈن قانداقمۇ پۇسەت بولسۇن؟ئۇنىڭ مىۋىسى قانداقمۇ پىشىپ يېتىلسۇن؟دەيدۇ،

ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن تۇرۇقلۇق بىز دەيمىزكى؛شۇبھىسىزكى كەلگۈسى ئىسلامغا مەنسۇپ،

بىز بۇنى قانداقتۇ قارىسىغا سۆزلەش بىلەن ۋە قۇرۇق ئارزۇ بىلەن ئەمەس بەلكى چوڭقۇر ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىك بىلەن دەيمىز،

شۇبھىسىزكى غەرپىنىڭ يەھۇدى ناسارالىرى ۋە ئۇلارنىڭ دىنسىز ئىتتىپاقداشلىرى ئىسلام ئويغىنىشىغا ئۇنىڭ ياشىشى،بەل تىكلىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭغا چۇشكەن يوقىتىشلارغا قارشى تۇرىدىغان ئىممۇنىتقا ئىرىشىشى ئۈچۈن لازىملىق كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەن ياردەم بىرىۋاتىدۇ،

ئېھتىمال بۇ سۆز تۇنجى ئاڭلىغان ئادەمگە بىربىرىگە زىتتەك تۇيغۇ بىرىشى ۋە ساغلام مەنتىقە قوبۇل قىلالمايدىغان پىكىرى چىچىلاڭغۇلۇقتەك تۇيۇلىشى مومكىن،لىكىن بىز كىشلەرگە دەيمىزكى ؛رىئاللىققا قاراڭلار!

بوسنىيە ـ ھەرسەككە رىئاللىقنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بىر ئۈلگە سۈپىتىدە قاراپ بېقىڭلار!

بوسنىيە ھەرسەك خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى ئاخىرقى قىرغىنچىلىقتىن بۇرۇن ئىسلامنى ئاللىقاچان تاشلىۋېتىپ بولغان ئىدى،ئۇلار ئىزچىل بىسىم ئاستىدا بولۇپ كومۇنىستلار دەۋرىدە بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن بولسۇن

ناھايىتى ئىغىر بىر رىئاللىق ئاستىدا ياشايتتى،ئۇلار ئەر- ئايال، باللار،،،
ھەممىسى ئىسلامنى ئۇنتۇشقان،ئۇلارنى سىرتقى كۆرۈنۈشلىرى،كۈندىلىك
ئادەتلىرى،ئىدديىە-پىكىرلىرى ۋە ئەخلاقىدا قوشنىسى سىرىپلار ياكى
كورىۋاتلاردىن پەرىقلەندۈرۈش مومكىن ئەمەس ئىدى،ئۇلار خۇددى پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام ئاخىر زاماندىكى‹بىز ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ ئاللاھتىن باشقا
ئىلاھ يوق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق›دەيدۇ دەپ خەۋەر بەرگەن بىر
تۈركۈم قەۋىملەرنىڭ ئۆزى بولۇپ قالغان ئىدى،ئۇلار مانا موشۇنداق ھالدا
تۇرغاندا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قىرغىنچىلىق كەلدى،ئەمدى بۈگۈن ئۇلارنىڭ
ئەھۋالى قانداق؟
ئۇلار قايتتى،
ئۇلار قايتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى،چۈنكى
ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە دۇنيا يەھۇدى خىرىستىيانلىرىنىڭ ھەممىسى
ئۇلارغا ئۇلارنى مۇسۇلمان دەپ قاراپ ئۇرۇش ئاچقان ئىدى،ئۇرۇش ئۇلارغا
ئۇلارنىڭ يوقتىپ قويغان سۈپىتىنى ئەسلەتتى ۋە ئۇلارنى ئىسلامغا قايتۇردى،
بولغان ئىشنىڭ ھەممىسى تىخى بۇلا ئەمەس،بەلكى ئۇلار تىخى ئىسلام
بايرىقى ئاستىدا ئۇرۇش قىلىشقا باشلىدى،ھازىر ئۇلارنىڭ قىشىدا سانى
120مىڭغا يىتىدىغان ئۇرۇش قىلغۇچى قوشۇن تەشكىللەنگەن بولۇپ ئۇلار
ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دىگەن بايراق ئاستىدا جىھاد قىلىدۇ،سىرىپلا
ئىنسان قىلىپىدىن چىققان يوقتىش ھەركەتلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرغانسىرى
ئۇلارنىڭ ئىسلامى ئويغىنىشى تىخىمۇ ئىشىۋاتىدۇ،ئىسلامدىن ئوزۇق
ئىلىۋاتىدۇ،ئۇنىڭدا تىخىمۇ چىڭ تۇرىۋاتىدۇ ۋە ئۇنىڭ يولىدا ئۇرۇش
قىلىۋاتىدۇ،

بۇ بىر خىيال ۋە چۈشمۇ ياكى گېزىت ـ ژورناللار ۋە باشقا ئاخپارات ۋاستىلىرى سۆزلەۋاتقان رىئال كۆرۈنۈشمۇ؟

يەرشارىنىڭ بۇ كىچىك بىر پارچىسىدا يۈزبەرگەن ئىشلار ئۇنىڭ باشقا بارلىق جايلىرىدىمۇ ھەم ئوخشاشلا يۈز بېرىۋاتىدۇ،

تاغۇتلار مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىدا ئىسلامچىلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟ئۇلار ئۇلارنى يوقىتىۋېتەلىدىمۇ؟ياكى ئىسلامنىڭ كېڭىيىشىنى توختىتىپ قالالىدىمۇ؟ئازاب قامچىلىرى ياكى چىكىدىن ئاشقان باستۇرۇش ۋە زۇلۇملار ئاستىدا يۈزلىگەن،مىڭلىغان كىشىلەر ئۆلتۈرۈلدى—ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىدا شەھىد ئەلۋەتتە—ئاندىن ھەر قېتىمىق قىرغىنچىلىقتىن كېيىن ئىسلامنىڭ بازىسى تېخىمۇ كەڭەيدى،ۋە ئىرادىسى تېخىمۇ چىڭ،كۈچ ـ قۇۋۋىتى تېخىمۇ مۇستەھكەم ۋە تاغۇتلارنىڭ ئۇلارغا قارىتا مەيدانى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تاغۇتلارغا قارىتا مەيدانىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىدىغان ۋە بۇ ئۇزۇن مۇساپىدە تېخىمۇ مەزمۇت قەدەملەر بىلەن ماڭىدىغان نۇرۇغۇنلىغان ياشلار مەيدانغا كەلدى،

دۈشمەنلەرنىڭ ئىسلام ۋە ئىسلام ئويغىنىش ھەركىتىنى يوقىتالايمىز دىگەن خام خىيالىنى ئۇلارنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئىشلەتكەن ۋاستىلىرىنىڭ ئۆزى ۋەيران قىلىۋەتتى،

ئۇلارنىڭ ئىشلەتكەن شۇ ۋاستىلىرىنىڭ ئۆزى ئىسلامنىڭ يېيىلىشىنى ۋە ئۇنىڭ بازىسىنىڭ كېڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈردى،ۋە ئۇنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ ئۇنى ئۇزۇن كۆرەشلەرگە تېخىمۇ بەرداشلىق بىرەلەيدىغان قىلدى،

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەقلى سەل جايىدا كىشىلەر ئۇلارغا بۇنى ئېيتقان بولسىمۇ لېكىن ئۇلار—ئۆزلىرىنىڭ تەلۋىلەرچە ئۆچمەنلىكىدە—ئەقلىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالمىدى.گەرچە ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچىدىن كەلگەن بولسىمۇ ئۇنى ئاڭلىمىدى،

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىسى—مۇخپىرلارنى كۈتىۋېلىش يىغىنىدا—سىرپلار بوسنىيە ھەرسەكتە مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان قىرغىنچىلىقنى توختىتىش لازىم چۈنكى ئۇنىڭدىن قايتىدىغان ئىنكاس ئاشۇ ھەددىدىن ئاشقان خىرىستىيانلارغا پايدىسىز بولىدۇ دېگەن،ئۇنىڭدىن سۇئال سوراۋاتقان مۇخپىر:سىز بىر خىرىستىيان تۇرۇپ نىمە ئۈچۈن بۇنداق دەيسىز؟نىمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىسىز ۋە ئۇلارغا يان باسىسىز؟دېگەندە،ئۇ سىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇشىدىن قورقمامسىلەر؟موبادا مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ زېمىنلىرىدىكى خىرىستىيان ئاز سانلىقلارغا سىرپلار مۇسۇلمانلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلسا ئۇ چاغدا ئەھۋال قانداق بولار؟دەپ جاۋاپ بەرگەن،

مۇسۇلمان مەڭگۈ ئۇنداق قىلمايدۇ،چۈنكى ئۇلارنىڭ دىنى ئۇلارغا كىمىكى بىر كاپالەتكە ئېرىشكەن پۇقراغا ئەزىيەت بەرسە ئاللانىڭ كاپالىتى ئۇنىڭدىن ئادا-جۇدا بولىدۇ دەپ ئۈگىتىدۇ،ئاللا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەھلى كىتاپلارغا قانداق خىتاپ قىلىش ۋە ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئېيتىپ بەرگەن: **«شۇنىڭ ئۈچۈن(يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن)(ئى مۇھەممەد!بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا)چاقىرغىن،بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن،ئۇلار(يەنى مۇشرىكلار)نىڭ نەپسى-خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن،ۋە ئېيتقىن‹ئاللا نازىل**

**قىلغان(بارلىق)كىتاپلارغا ئىمان ئېيتتىم،ئاراڭلاردا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلدۇم،ئاللا بىزنى پەرۋەردىگارىمىزدۇر،سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر،بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر،سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزلىرىڭلار ئۈچۈندۇر،سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا جېدەللىشىشكە(ئورۇن)يوق،(چۈنكى ھەقىقەت ئاشكارىدۇر)ئاللا (قىيامەت كۈنى)بىزنى(ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن)يىغىدۇ،ئاخىرى قايتىدىغان جاي ئاللانىڭ دەرگاھىدۇر،››(سۈرە شۇرا 15 ـ ئايەت)**

لېكىن بۇ كىشىنىڭ قارىشىنى يەنە بىر نوقتىدىن توغرا دەپ قاراشقا بولىدۇ،،غەربىي ۋە ئۇنىڭ قولچوماقچىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان قىرغىنچىلىقى داۋاملىشىۋەرسە بۇ ئىسلام دولقۇنىنىڭ تېخىمۇ ئۆركەشلىشىنى ۋە ئىسلام ئويغىنىشىنىڭ يېڭى روھ ۋە يېڭى ئىرادە بىلەن تېخىمۇ ئالغا سىلجىشىنى پەيدا قىلىدۇ،

ئىسلامنى ئۆز ھالى بىلەن قويۇش ياكى يوقىتىۋېتىش ھەرگىزمۇ غەربىينىڭ يەھۇدى ناسارالىرى ۋە ئۇنىڭ قولچوماقچىلىرىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەس،بۇ شەيتاننىڭ ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسەتكەن ئىشى بولۇپ،ئۇ ئۇلارغا خۇددى ئىسلام ئويغىنىشىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇش ئاچسا ئۇنى يوقىتىۋېتەلەيدىغاندەك خام ـ خىيال قىلدۇرىدۇ،ئاندىن ئۇلارنىڭ موشۇ ئىشنىڭ ئۆزى—ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن—ئىسلام ئويغىنىشىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغان ئۇنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان ۋە مۇستەھكەملەيدىغان قورالغا ئايلىنىدۇ،

شۇنداق،ئىسلامنى قالدۇرۇپ قويۇش ياكى يوقىتىش ئۇلارنىڭ تاللاش دائىرىسىدىكى ئىش ئەمەس،ئۇلارنىڭ تاللىيالايدىغىنى پەقەت ئۆزىنىڭ

نىشانىغا قاراپ مۇستەھكەم ۋە تەمكىن قەدەملەر بىلەن ئىلگىرلەۋاتقان تىنىچ ئىسلامى دولقۇن بىلەن ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ زوراۋانلىقىقا مۇراجەت قىلىدىغان ۋە غەزەپتىن توۋلاپ كىلىدىغان دولقۇننىڭ ئىككىسىنىڭ بىرى،غەرىپ ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرى—ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن—يۇقارقى ئىككى دولقۇننىڭ قايسىسى بىلەن ئۇچىرشىشنى تاللايدۇ،

بىز ـ ئۇنىڭ ئىشى بىر قانچە ئەۋلادقا سوزۇلۇپ كەتسىمۇ ـ ـ مۇستەھكەم ۋە تەمكىن قەدەم بىلەن ئىلگىرلىيدىغان تىنىچ دولقۇننى نەچچە مىڭ ھەسسە ئەلا بىلىمىز،لىكىن غەرىپنىڭ ۋە ئىسرائىلىنىڭ ھاماقەتلىكلىرىگە ئامالىمىز قانچە؟!

ئىسلام كەلگۈچىدۇر، ، ،ئۇ موبادا نەچچە ئەۋلاد سوزۇلۇپ كەتسىمۇ ـ ـ بىز يەنىلا ئەلا بىلىدىغان ،مۇستەھكەم ۋە تىنىچ قەدەملەر بىلەن ئىلگىرلەيدىغان دولقۇن بىلەن بولسۇن ياكى غەزەپتىن توۋلاپ كىلىدىغان ۋە غەرىپ ئۇنىڭ ئوتىنى ئۇلغايتىۋاتقان دولقۇن بىلەن بولسۇن بەرىبىر كەلگۈچىدۇر،

ئىسلام ئويغىنىشىنى تىزلا يوقىلىدىغان ۋە تىنجىپ قالىدىغان ئۆتكۈنچى ھادىسە ياكى بىر تەرىپتىن غەرىپنىڭ جاھانگىرلىكىگە ۋە يەنە بىر تەرەپتىن سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن تۈزۈملەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغانلىقىغا قايتۇرۇلغان ئىنكاستىنلا ئىبارەت دەپ قارايدىغان كىشىلەر ، ، ،ئۇلار ياكى ئاۋۇلار نۇرغۇن ئىشلارغا سەل قارىغان ۋە شۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ قاراشلىرى موشۇنداق چولتا ۋە بىر تەرەپلىمە بولۇپ قالغان،

ئۇلار ئىسلامنىڭ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ دىنى ئىكەنلىكىگە سەل قارىغان:‹‹**باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن،ئاللانىڭ**

**دىنىغا(ئەگەشكىنىكى)ئاللا ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان،ئاللانىڭ يارىتىقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ،بۇ توغرا دىندۇر،لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ،››(سۈرە رۇم30 ـ ئايەت)**

ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەسلى تەبىئىتىدىن بىر مەزگىل چەتنەپ كېتىپ كېيىن ئەسلىدىكى ساغلام ھالىتىگە قايتىپ كەلسە ئۇ نىمە ئۈچۈن ئەسلىگە قايتىۋالدى دەپ سوراش توغرا ئەمەس،چۈنكى ساغلاملىق ئۇنىڭ ئەسلى ھالىتى دە!(چۈنكى ھېچكىم ساغلام ئادەمدىن نىمىشقا كېسەل بولمىدىڭىز دەپ سورىمايدۇ—ت)سۇئالنى دېگەن پەقەت كېسەلدىنلا ـ ئۇ قانداق پەيدا بولدى؟داۋاسى نىمە—دەپ سورايدىغان گەپ،

ئىككىنچىدىن ئۇلار ئۇلۇغ ئاللانىڭ ئۆزىنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىنى قوغداشنى ئۈستىگە ئالغان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا ئۆزىنىڭ دىنىنى قوغداشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىغا سەل قارىغان:‹‹**قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز،››(سۈرە ھەجىر9 ـ ئايەت)**

شۇنىڭدەك يەنە ئاللا ھەر ئەۋلادنىڭ بىشىدا بۇ ئۇممەتكە ئۇنىڭ دىنى ئىشلىرىنى يېڭىلاپ بىرىدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ شۇسەۋەپتىن ئۇممەتنىڭ ئارىسىدىكى ۋە ئۇنىڭ دىنى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مەڭگۇ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ،

ئۈچىنچىدىن ئۇلار ئىسلامنىڭ ئىسلام ئۇممىتىگە نىسبەتەن پەقەت ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ھىس تۇيغۇلا ئەمەس بەلكى ھىس تۇيغۇ بولۇش بىلەن بىرگە يەنە زىمىنىنىڭ تۈزۈملىرىدىن باشقىچە،ئاللاھىدە ئومومىيۈزلۈك رىئالنى تۈزۈم سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدىغان جانلىق،ھەركەتلەندۈرگۈچى ئەقىدە ئىكەنلىكىگە ھاياتنىڭ—سىياسى،ئىجتىمائى،ئىقتىسادى ئىلمى ۋە

سەنئەت،گۈللىنىش—ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىن ئىكەنلىكىگە سال قارىغان،ئىسلام ئۇممىتىنىڭ دىنىي مانا موشۇنداق چۈشەنگەن ۋە ئىجرا قىلىنغىنىچە نەچچە ئەسىرلەپ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىغا،دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىگە،،گەرچە ئۇنىڭغا ھازىر ھەرخىل ئىللەتلەر چاپلىشىپ ئۇنى كىسەل قىلىپ قويغان ۋە ئۇنىڭ كۆپلىگەن خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ئاساسلىرىنى يوقىتىۋەتكەن بولسىمۇ،لىكىن ئۇنىڭ خاتىرسىدە موشۇ دىن ئۈچۈن رىئالنى بىر جۇغلانمىنىڭ(تارىختا بۇ دىنغا مەھكەم ئىسلىپ ياشىغان چاغلاردا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ۋە غەلبىلەرنى دىمەكچى—ت) بارلىقى ۋە بۇنىڭ ئۇنى دىنغا قايتىشقا ئۈندەپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇنى داۋاملىق بۇ دىنىنىڭ يولىغا باشلاپ تۇرىدىغانلىقىدىن بىخەۋەر قىلىشقان، شۇڭلاشقا ئىسلام ئويغىنىشى ھەيران قىلىشقا بولمايدىغان ۋە يۈز بىرىش سەۋەپلىرىنى ئىزدەش كەتمەيدىغان تەبىئى بىر ئىش،

ئەھۋال گەرچە موشۇنداق بولسىمۇ لىكىن بىز ئۈلارنىڭ ئىسلام ئويغىنىشى بىر تەرەپتىن غەرپنىڭ جاھانگىرلىكىگە يەنە بىر تەرەپتىن سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن تۈزۈملەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغانلىقىغا قايتۇرۇلغان ئىنكاستىنلا ئىبارەت دىگەن گىپىنى توغرا دەپ تۇرۇپ ئۈلار بىلەن بىر مۇنازىرلىشىپ باقايلى،موبادا يۇقارقى ئىشلار راستىنلا ئىسلام ئويغىنىشىنىڭ مەيدانغا كىلىشىگە تۈرتكە بولغان بولسا ئۇنداقتا ئىسلام ئويغىنىشىنىغا تۈرتكە بولىدىغان نەرسىلەر ئەمدى ئاخىرلاشتى،شۇڭلاشقا ئىسلام ئويغىنىشىمۇ ئەمدى تۈگىشىشكە ماڭىدۇ دەپ كەتكۈدەك ـ ـ غەرپنىڭ جاھانگىرلىكى ۋە سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن

تۈزۈملەرنىڭ ھېچ نەرسىگە كىرەككە كەلمىگەنلىكىدىن ئىبارەت—يۇقارقى ئىككى ئىشتا ھازىر قانچىلىق ئۆزگىرىش بولدى؟!

جاھانگىرلىك ئاخىرلاشتىمۇ؟

ياكى سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن تۈزۈملەرنىڭ ئىسلامدىن دۇنياسىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلالماسلىقىدىن ئىبارەت ئىش ھازىر تۈگىدىمۇ؟ ھەربى جەھەتتىكى جانگىرلىكنى—گەرچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دىگەن بايراقنى كۆتۈرۈۋلىپ يەنە قايتىدىن يېڭىدىن باشلىنىۋاتقان بولسىمۇ—تۈگىدى دەيمۇ تۇرايلى،لىكىن ئىقتىساد،مەدىنىيەت ۋە سىياسەت ساھەسىدىكى جاھانگىرلىكنى تۈگىدى ياكى زاۋاللىققا يۈز تۇتىۋاتىدۇ دەپ كىم ئىيتالايدۇ؟

ياۋرۇپا ئورتاق بازىرىنى مىسال سۈپىتىدە كۆرۈپ باقايلى،،،

ئۇنىڭ سىياسى جەھەتتە ئامرىكىغا ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىن ياپۇنىيەگە قارشى بىر رىقابەتچى بولغانلىقىدا گەپ يوق،لىكىن ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشلەرنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن ئۈچىنچى دۇنيا دەپ چىرايلىق ئىسىم بىرىلگەن ئەمىليەتتە ئىسلام دۇنياسىنى كۆرسىتىدىغان دۇنياغا ئۇنىڭ خام ماددىلىرىنى ئەرزان سىتىۋلىپ، ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كيىن يەنە ئۇنىڭ ئۆزىگە قىممەت سىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا(ئىسلام دۇنياسىغا) ئىقتىساد ۋە سىياسى جەھەتتىن بىسىم چۈشۈرۈش ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ ئىگىدا ئاجىزلىق ۋە بىقىندىلىقنى تىخىمۇ كۈچەيتىپ ئۇنى باش كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىپ قويۇش ئۈچۈن —زورلۇق بىلەن رىقابەتچى بولۇشقا باشلىدى،

يەنە مەسىلەن ئىسكەندىرىيە‹‹فىرانكىفونىيەت››سىنجور ئۇنۋىرستىتىنى مىسالغا ئالايلى،،،ئۇ نىمىنىڭ بىشارىتى؟ئۇنىڭ ئەرەپ تىللىق ئىسلام

مىسىرسىدا يەتمەكچى بولغان مەقسىدى نىمە؟
ئەمدى سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن تۈزۈملەر مەسىلىسىگە كەلسەك بۇ توغۇرلۇق قانچە ئۇزۇن سۆزلىسەكمۇ گەپ تۈگىمەيدۇ،ئۇ مانا كۆز ئالدىمىزدىكى ئەملى بىر رىئاللىق بولۇپ قەرىزلەر تىزىملىكى،ئەمگەكنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشىشى،ئىقتىسادى ئەھۋاللارنىڭ يامانلىشىشى،چىرىكلىك ۋە پارىخورلۇقنىڭ تارىلىشى،«ئوموميىنىڭ مەنپەئەتى»گە سەل قاراش،ئەخلاقى قىممەتلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە جەمىيەتتە پاھىشىنىڭ يامىرىشى،،،دەك ھەربىر ساھەدىكى نەچچە ئونلاپ ئەسكىلىكلەر ۋە سىياسى،ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادى جەھەتتە كىشىلەرگە بولۇۋاتقان نەچچە ئونلاپ ناھەقچىلىكلەر ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بىرىپ تۇرۇپتۇ،
موبادا بىز ئىسلام ئويغىنىشى بىر تەرەپتىن غەرپىنىڭ جاھانگىرلىكىگە يەنە بىر تەرەپتىن سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن تۈزۈملەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغانلىقىغا قايتۇرۇلغان ئىنكاستىنلا ئىبارەت دىگەن بۇ ھۆكۈمگە —پەقەت مۇنازىرە يۈزىسىدىن—قايىل بولساق ئۇنداقتا رىئاللىق مەنتىقىسى دەيدۇكى؛ئۇنداقتا ئىسلام ئويغىنىشى تىخىمۇ كۈچىيىش ئۈچۈن ۋە ئاساسىنى تىخىمۇ كىڭەيتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يولىدا داۋاملىق ئىلگىرلەيدۇ،چۈنكى ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقاردى دىيىلگەن سەۋەپلەرمۇ كۈندىن كۈنگە كۈچىيىۋاتىدۇ،
بىز جاھانگىرلىكنىڭ ۋە ۋە جاھانگىرلارنىڭ قوللىشى بىلەن سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن تۈزۈملەرنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ ئىسلام ئويغىنىشىنىڭ پەيدا بولۇشىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى يوققا چىقارماقچى ئەمەس لىكىن بىز بۇلارنى پەقەت تۈرتكىلا بولدى ياكى ئىككى جانلاندۇرغۇچى ئامىللا بولدى

دەيمىز،ئەمما ئەسلى،يىلدىزلىق،ماھىيەتلىك سەۋەپلەرگە كەلسەك بىز ئۇنى تىخى بايىلا سۆلەپ ئۆتتۇق،

ئىسلام ئۆزىنىڭ قايسى يولىدىن كەلسۇن،،،ھامان كەلگۈچىدۇر،،،

ئەگەر غەربىپ ئەقىلىنى ئىشلەتسە ئۆزىنىڭ يەھۇدى ۋە ناسارالارچە ئۆچمەنلىكىنى تاشلىسا،ئىسلامغا ئۇرۇش ئاچمىسا ۋە ئۇنىڭغا دۇشمەنلىك قىلىش پاتقىقىغا پىتىپ كەتمىسە،،،

شۇبھىسىزكى ئىسلام غەرىپكە دۇشمەن ئەمەس،ۋە شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىيەتكىمۇ دۇشمەن ئەمەس،ئۇ بىر ‹‹قۇتقازغۇچى››بولۇپ ئىنسانىيەتنى ئۆزىنىڭ كىرلىدىن پاكلاش ئۈچۈن ۋە ئۇنى پەرۋەردىگارى ھۆرمەتلىگەن ۋە كۆپلىگەن مەخلۇقاتتىن ئۈستۈن قىلغان ئىنسانغا لايىق يۈكسەك ئورۇنغا كۆتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن،**‹‹شەك ـ شۈبھىسىزكى بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق،ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا(ئۇلاغلارغا)مىندۇردۇق،دېڭىزدا(كېمىلەرگە)چىقاردۇق،ئۇلارنى شىرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق،ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق،››(سۈرە ئىسرا70 ـ ئايەت)**

ئىسلام بۈگۈن ياكى ئەتە كۈچەيسە دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر ئىنساننىڭ ‹‹قانۇنلۇق مەنپەئەتلىرى››گە ھەرگىزمۇ زىيان سالمايدۇ،لېكىن ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەرقانداق يوغانچىلىقنى ۋە زومىگەرلىكنى—بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارغا چۈشكەن ھەرقانداق دۇشمەنلىكنى قوبۇل قىلمايدۇ،**‹‹ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن(قارشىلىق كۆرسىتىشكە)رۇخسەت قىلىندى،ئاللا ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر،(ئۇلار)پەقەت پەرۋەردىگارىمىز ئاللا دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا يۇرتلىرىدىن**

**ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى،ئەگەر ئاللا ئىنسانلارنى بىربىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا،راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى،چىركاۋلار،يەھۇدىلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللانىڭ نامى كۆپ ياد ئېتىلىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى،كىمكى ئاللانىڭ دىنىغا ياردەم بىرىدىكەن،ئەلۋەتتە ئاللا ئۇنىڭغا ياردەم بىرىدۇ،ئاللا ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر،غالىپتۇر،(ئاللانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار)شۇنداق كىشىلەركى،ئەگەر ئۇلارنى يەريۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق نامازنى ئادا قىلىدۇ،زاكات بىرىدۇ،ياخشى ئىشلارغا بۇيرىيدۇ،يامان ئىشلاردىن توسىدۇ،ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاغا مەنسۇپتۇر،(يەنى ھەممە ئىشلار ئاقىۋەتتە ئاللاغا قايتىدۇ،)››(سۈرە ھەج39 ـ 41 ـ ئايەتلەر)**

لىكىن غەرپىنىڭ يەھۇدى ناسارالىرىنىڭ دۈشمەنلىكىنى توختاتقۇسى يوق ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ زىمىندا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشىنىمۇ خالىمايدۇ،

يۇقارقى ھۆكۈمگە گۇمان بىلەن قارىغان ئادەم بوسنىيە ھەرسەك پاجىئەسىگە قاراپ باقسۇن،ئاتالمىش‹‹مەدىنىيەتلىك››دۇنيا مۇسۇلمانلارنىڭ سىرپلارنىڭ ئۇلارغا قىلىۋاتقان دۈشمەنلىكىگە رەددىيە بىرىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى كۈچەيتىدىغان ھەرقانداق بىر ياردەمگە ئېرىشىپ قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن بىر سەپتە تۇردى،ۋە يەنە ‹‹مەدىنىيەتلىك دۇنيا››دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر جايىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلىۋاتقان دۈشمەنلىكلەرگە قارىتا يەنە شۇنداق مەيداندا تۇرىدۇ،

شۇنىڭ ئۈچۈن،يەھۇدى ناسارا ئۆچمەنلىكىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇلار ئىسلامنى يامان كۆرىدۇ،،ئەگەر ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتسە،،زۇلۇمدىن

يانسا،،ئەگەر ئۇلار شۇ‹‹قانۇنلۇق مەنپەئەتى››نىڭ قىشىدا تۇرغان بولسا ئۇنداقتا ئۇلار ئىسلامغا قارىتا دۇشمەنلىك تۈيغۇسىدا بولمىغان بولاتتى،

بەلكى تىخى غەرپىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ۋە ئۇنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقلىرىنى تۈزىيەلەيدىغان بىردىنبىر يولنى پەقەت ئىسلاملا تەقدىم قىلالايدۇ،

غەرىپ‹‹گۈللىنىش دەۋرى››دىن هازىرقى دەۋرگىچە نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلارنى بىشىدىن كەچۈردى،چىركاۋ دىنىغا قارشى چىققان ۋە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىسلامغا كىرمىگەندىن بۇيان قىممەت ۋە روھتىن خالى قۇرۇق ماددى مەدىنىيەتنى بەرپا قىلدى،

غەرىپ—چىركاۋ دەۋرىدە—بىلىمگە ئۇرۇش ئاچىدىغان دىندىن دىنغا ئۇرۇش ئاچىدىغان بىلىمگە يۆتكەلدى،

مەدىنىيەتسىز دىندىن دىنسىز مەدىنىيەتكە يۆتكەلدى،

ئۆزىنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى ئاخىرەتتىكى‹‹جەننەت خاندانلىقى››غا قارىتىپ دۇنياغا سەل قارايدىغان ئاخىرەت دىنىدىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى زىمىندا ماددى قۇرۇلۇش قىلىشقىلا سەرىپ قىلىپ ئاخىرەتكە سەل قارايدىغان بەلكى تىخى ئۇنى پۈتۈنلەي نەزىرىدىن ساقىت قىلىۋىتىدىغان‹‹دىن››غا يۆتكەلدى،

تۇرغۇنلۇق،قاتماللىقنى تەكىتلەيدىغان ۋە ئۆزىنىڭ لوغىتىدىن ئۆزگىرىش دىگەن سۆزنى ئۆچۈرىۋەتكەن دىندىن‹‹تەرەققىيات››نى تەكىتلەيدىغان ۋە مۇستەھكەملىك،تۇراقلىقنى نەزىرىدىن پۈتۈنلەي ساقىت قىلىۋەتكەن دىنغا يۆتكەلدى،

بۇ يەردە تىخى ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى قانۇن تۈزۈشى ۋە ئاللانىڭ دەرگاھىدىن كەلگەن قانۇننى رەت قىلىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان سىياسى،ئىقتىسادى

ۋە ئىجتىمائى تەڭپۇڭسىزلىقلارنىغۇ دىمەيلا قويايلى،،،،،،،،

ئىسلام—پەقەت ئىسلاملا—موشۇ تەڭپۇڭسىزلىقلارنى تۈزىيەلەيدىغان بىردىن بىر يول،

ئۇ بىلىم ۋە مەدىنىيەتكە ئۇرۇش ئاچمايدىغان دىن،بەلكى ئۇ تىخى ياۋرۇپا ئۆزىنىڭ گۈللىنىشىدە ئۇگەنگەن غايەت زور ئىلمى تەرەققىياتنىڭ مەنبەسى بولغان دىن،ئۇ تارىختىكى ئەڭ مۇكەممەل مەدىنىيەتنى—ئىنساننىڭ روھى،بەدىنى،ئەملى،ئىبادىتى،ئىدىدىيسى،ھىس ـ تۇيغۇسى،دۇنيالىق ئەملى ۋە ئاخىرەتلىك ئەملى قاتارلىق ھەممە قىسىملىرىنى تەڭپۇڭلۇق ۋە ماسلىق بىلەن ئۆز ئىچىگە ئالدىغان—مەدىنىيەتنى پەيدا قىلغان دىن،

ئۇ ئاللانى ئۇلۇغلايدىغان لىكىن ئىنساننى تۆۋەن كۆرمەيدىغان بەلكى تىخى ئۇنىڭغا(ئىنسانغا) ئۇنىڭ ھۆرمىتى،ئىجادچانلىقى ۋە پائالىيەتچانلىقىنى بىرىدىغان دىن،ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى چۈنكى ئاللانىڭ ئۆزى ئىنساننى ھۆرمەتلىگەن ،ئۇنىڭغا ئاسمان زىمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن،ۋە ئۇنى زىمىننى گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ئۇنىڭدا تۇرغۇزغان،

ئۇ تەۋرەنمەي تۇرۇشقا تىگىشلىك قىممەتلەرنى مۇستەھكەملەيدىغان لىكىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنىڭ داۋاملىق تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن كەڭ بوشلۇق ھازىرلاپ بىرىدىغان دىن،

ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن بىرگە ئۇ يەنە ئىنسان ھاياتىدا يۈز بىرىدىغان بارلىق ئىشلانى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ۋە ئۇلارنى ئىلاھى مىزان بىلەن بىكىتىدىغان مۇكەممەل شەرىئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىن،

قىسقىچە قىلىپ ئىيتقاندا ئۇ ئاللاغا ھەقىقى ئىبادەت قىلىدىغان،ۋە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە ئىلاھى قانۇنىنىڭ تەقەززاسى بىلەن زىمىننى

گۈللەندۈرۈشكە ئاتلىنىدىغان ۋە ئىلاھى قانۇنغا تايىنىش ئارقىلىق زىمىنى گۈللەندۈرۈشنى ئىنساندىن تەلەپ قىلىنغان ئىبادەتنىڭ بىر قىسىمى دەپ قارايدىغان«مۆكەممەل ئىنسان»نى پەيدا قىلىدىغان دىن،

يەھۇدى ناسالار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ھازىرقى دەۋىر جاھىلىيىتى بۈگۈن ئۆزىنىڭ گۇمران بولۇش يولىدا،،

ئۇنىڭ كوممۇنىزىم بۆلىكى بۈگۈن ئەمىليەتتىمۇ ئالللىقاچان گۇمران بولدى،ھىچكىممۇ ئۇنى-ئۇنىڭ يىرىم ئەسىردىن كۆرەك ۋاقىتتىن بۇيان كىشىلەرنى قورقۇتقان ئاشۇنداق ماددى ۋە ھەربىر كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق ۋە كۆككە تاقاشقان ۋە مىلىيۇنلىغان كىشىلەرنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلغان چاقىرىقىلارنى توۋلىغان تۇرۇقلۇق-- گۇمران بولىدۇ دەپ ئويلىمىغان ياكى ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ھىچكىممۇ ئۇنىڭ—چاقماق چاققاندەك—بۇنداق تۇيۇقسىز شەكىلدە گۇمران بولۇشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى،

ئەمما ئۇنىڭ يەنە بىر بۆلىكى—كاپىتالىزىم بۆلىكى—ئىھتىمال ئاللانىڭ مەلۇم ھىكمىتىمى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ گۇمران بولۇشى مەلۇم ۋاقىت كىچىككەن تەقدىردىمۇ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مەلۇم ۋاقىت بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە ئالمىشىپ داۋاملاشقان تەقدىردىمۇ لىكىن ئۇ —ئاللانىڭ قانۇنىيىتى بويىچە-گۇمران بولۇش تەقدىرىدىن قىچىپ قۇتۇلالمايدۇ،

كىلىنتۇننىڭ ئامىرىكىنىڭ زۇڭتۇڭلۇق مەنسىپىنى تاپشۇرىۋالغان كۈنى سۆزلىگەن پاساھەتلىك،ياڭلاق نۇتۇقنى ئاڭلىغان كىشىلەر—چىكىگە يەتكەن ھاياجانلار ۋە قىزغىن سىرتقى كۆرۈنۈشلەرنىڭ

ئوتتۇرسىدا—ئەمىلىيەتتە ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ بىر تىزدىن كىلىۋاتقان گۇمرانچىلىقنى كۆرۈپ يەتكەن ۋە شۇ گۇمرانچىلىقنى توسۇش ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن ئۇرۇنىۋاتقان كىشىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ بىقىشلىرى كىرەك،

ھازىرقى دەۋىر جاھىلىيىتى ئەڭ ئاخىرىدا گۇمران بولىدۇ،گۇمران بولغان ۋاقتىدا يىتەكچىلىكىنى قولىغا ئالىدىغىنى ئەلۋەتتە ئىسلام بولىدۇ،چۈنكى ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تۇزەش ئۈچۈن ۋە ئۇنى توغرا يولغا يىتەكلەش ئۈچۈن ئاللانىڭ دەرگاھىدىن چۈشۈرۈلگەن بىردىن بىر توغرا يول،

ئىسلام قايسى يول بىلەن بولسۇن ھامان كەلگۈچىدۇر،

ئىسلام ـ ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسالامنىڭ نۇرغۇن ئىشەنچىلىك ھەدىسلەردە خوش بىشارەت بەرگىنىدەك—زىمىندا يەنە بىر قىتىم كۈچەيگەن ۋە ھۆكۈمرانلىقنى قولىغا ئالغان ۋاقتىدا ئىسلام دۇنياسى ئىنسانىيەتنى ـ ـ ئاللانىڭ دىنىغا يىڭىدىن كىرگەن نۇرغۇن مىللەتلەرنى ـ ـ توغرا يولغا يىتەكلەيدىغان بايراقنى قايتىدىن قولىغا ئىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ ۋە بۇنىدىن بۇرۇن زۇلۇمغا تولۇپ كەتكەن زىمىننى ئادالەتكە تولدۇرىدۇ ۋە غەرىپمۇ ئاللا بەندىلىرىگە ئىنئام قىلغان ئىلاھى نىئمەتنى تىتىيدۇ ۋە شۇچاغدا ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامغا قىلغان دۈشمەنلىكىنىڭ رىئاللىقتىن قىلچە ئاساسى يوق چىكىدىن ئاشقان ھاماقەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يىتىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ—ھىدايەت تاپقانلارنىڭ—قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا چىققانلىقىنى بىلىدۇ،

يەھۇدى ناسارالار ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرى ئەمىلىيەتتە ئاللا —ئۆزىنىڭ

تەقدىرى بويىچە—ئۇلارنى ئىسلامنىڭ تىنچلىق بىلەن ياكى زورلۇق كۈچى بىلەن قايتىدىن ئۇستۇنلىككە ئېرىشىشى ئۈچۈن ماڭىدىغان يولنى ھازىرلاش ئۈچۈن ئىشلەتكەن قورالدىن ئىبارەت،

**‹‹زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۇزاققا قالماي قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.››(سۈرە شۇئەرا227 ـ ئايەت)**